ئابدۇلقۇددۇس ئابدۇلھافىز

# ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە

تۈركىيە —— ئىستانبۇل

2014 . 3 . 20

ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە



بىل شۇنى ئۇيغۇر ئۈچۈن پۈتمەس گۆھەر ئۇيغۇر تىلى ،
مەڭگۈ پاتماس زەر قۇياش، نۇرلۇق قەمەر ئۇيغۇر تىلى .
بىپايان تىل كۆكدە چولپان ئۈكەر ئۇيغۇر تىلى ،
مەنىلەرگە باي تېرەندۇر شۇ قەدەر ئۇيغۇر تىلى .





گۈللە ، ياشنا تا ئەبەدى،
ئەي گۈزەل ئۇيغۇر تىلى!!!

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

# ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە

2 . 2020

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلقۇددۇس هافىز
ئېلخەت :     ateskalp2 @gmail.com
تېلىفون نۇمرى : 05364417258

ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇخېلىل هاجىم
تېلىفون نۇمرى : 05343268456

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

2 . 2020

www.uyghurkitap.com

# قىسقىچە مەزمۇنى

مەلۇمكى، 2000 ـ يىلدىن بۇيان ، ئۇيغۇر دىيارىداختاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان لەنەت تەككۈر « قوش تىل مائارىپى » نەتىجىسىدە  ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىلىشى قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان تەتۈر ئېقىم پەيدا بولۇپ ، دەرسلەر ئالىي مەكتەپلەردىلا ئەمەس باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ ئۇيغۇرچە ئۆتىلىشى چەكلەنگەنلىگى سەۋەپلىك ، مۇندىن بۇرۇن سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچە بىلەن تولۇق ساھەلەر بويىچە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى  يارىتىپ خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلاردا كاتتا شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن ۋە ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ، شۇنداقلا سان ـ ساناقسىز شاگىرتلارنى تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان شان ـ شۆھرەتلىك ھۆرمەتلىك ئالىملىرىمىز، پروفېسسور ۋە دوكتۇرلىرىمىز ئەمدى «خەنزۇ تىلىدا دەرس بىرەلمىدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن سىنىپقا كىرىشتىن مەھرۇم بولىدىغان ھەتتا خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋېتىلىدىغان ، بۇ تۇپەيلى نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەرباپلىرىمىز قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ يۇرەك ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار يۈز بەردى . . . .!!!

بۇنىڭ بىلەن ، مىللىي مائارىپىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتى جىددىي ھالدا ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. باي ناھىيىسىنىڭ مىرچىغ يېزىسىدىكى بىر مەكتەپنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش نەتىجىسىنىڭ« 0 »بولغانلىقى بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى !!!

بۇ دەرت ئاز بولۇپ قالغاندەك، ئىنگلىز تىلى قىزغىنلىقىمۇ بولىشچە كۆچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار باللىرىنى ئۆزلىرى تورۇشلۇق دۆلەتنىڭ مەكتەپلىرىگە ئوقۇتۇشقا بىرىپ ، ئانا تىلىمىزنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىماقتا.

مانا شۇنداق سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلدا ئوقۇش ، بىلىم ئاشۇرۇش پۇرستى بارغانسىرى يوقۇلۇش ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ قوللىنىلىشى ئەمەلدىن قېلىشقا يۈزلىنىشتەك خەتەرلىك ئاقىۋەت پەيدا بولماقتا!

ئۇنداق بولسا زادى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ھەقىقەتەن ئەمەلدىن قېلىشى كېرەك بولغان ئەرزىمەس بىر تىلمۇ؟

بىلىش كېرەككى ۋە مەن قۇياشنىڭ نۇرىدەك پارلاق ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ھۆكمى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا ئىمانىم كامىلكى ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۇچۈن تۆھپە قوشۇشتا ھەر قانداق تىل ـ يېزىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالىغان ۋە مەڭگۈ تۇرالايدىغان ئالەمشۇمۇل ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئۇلۇغۋار تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە شۇڭا قوللۇنۇلۇش قىممىتى ئاجايىپ يۇكسەك  ھەقىقىي  دۇنياۋىي تىل ـ يېزىقتۇر !!!

مۇشۇ تىل ـ يېزىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار بولسا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي جاسارەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە داھىيانە يىتەكچىسىدۇر !!!

بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىك ئۇچىغا چىققان ۋىجدانسىزلىق ، نومۇسسىزلىق ۋە خائىنلىقتۇر!

مەن بۇ كىتاۋىمنى مانا شۇ جەھەتتىكى پىكىر ـــ چۈشەنچىلىرىمنى شەرھلەش يۈزىسىدىن ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى ئىنگلىز ۋە خىتاي تىل ـ يېزىغى بىلەن سېلىشتۇرۇپ  بايان قىلىپ ، زادى قايسى تىل ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىگىنى  تونۇشتۇرماقچىمەن . بۇ ئۇچۇن دېمەكچى بولغانلىرىمنى كونكېرىتنى قىلىپ تۆۋەندىكى تېمىلار بويىچە بايان قىلىمەن:

1. پارلاق ئىنسانىي مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمقى ئۇستازى ؛
2. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىپادىلەش كۈچى توغرىسىدا ؛
3. تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلار ؛

# ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## كىرىش

ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتتىن تىل شەرىپى بىلەن ئۈستۈن ۋە سۆزلىشىش لەززەتى بىلەن يۈكسەك قىلغان ئاللاھۇ تائالاغا سانسىز تەشەككۇر ۋە تۈگىمەس ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

«سۆز ئۈنچەدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل پۈتۈن مەنالارنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر. جەۋھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ، گەۋھەرشۇناسلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۈنچىلىرىمۇ نۇتۇق شەرىپىگە شۇ ئىشنىڭ ماھىرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىپ ئۆز كۆركىنى تاپىدۇ ۋە ئۆز قىممىتى ھەم مەرتىۋىسىگە قاراپ يېيىلىدۇ ۋە شۆھرەت قازىنىدۇ. گەۋھەرنىڭ قىممەت دەرىجىسى بەك كۆپتۇر، ھەتتا بىر تەڭگىدىن يۈز تۈمەن تەڭگىگىچە دېيىشمۇ بولىدۇ.»+ چىققان نادانلىق.

ناھايىتى رۇشەنكى، جەنابىي ئاللاھ ئىنسانلارنى تەڭداشسىز قۇدرەت كامالىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە تۈرلۈك مىللەت ھالىتىدە ياراتقان ۋە ھىكمەت بىلەن خاس ئانا تىلنى ئاتا قىلغان . بۇ ھەقتە ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ نۇرلۇق قىبلىنامىسى بولغان ئۇلۇق قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: «الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا﴿٢﴾» ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر ، پادىشاھلىقتا شېرىگىمۇ يوقتۇر . ئاللاھ ھەممە نەرسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياراتتى،ئاندىن ( ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.(سۈرە «فۇرقان» ، 2 ـ ئايەت) «الرَّحْمَنُ ﴿١﴾ عَلَّمَ الْقُرْآنَ ﴿٢﴾ خَلَقَ الْإِنسَانَ ﴿٣﴾ عَلَّمَهُ الْبَيَانَ ﴿٤﴾» ( مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى ( ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشۈنۈشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)، ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا ( مەخسىدىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ) سۆزلەشنى ئۆگەتتى.( سۈرە «رەھمان» ، 1 ـ 4 ئايەتلەر) « يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴿١٣﴾» ( ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر ، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا،بىر ئانىدىن ياراتتۇق ،ئۆز ـ ئاراتونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق ، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋابولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى ، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ ) ،ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.( سۈرە «ھۇجۇرات» ، 13 ـ ئايەت) ، « وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ ﴿٢٢﴾» ( ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ، زېمىننى ياراتقانلىقى ، تىللىرىڭلارنىڭ ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ ـ خىل بولىشى ئاللاھنىڭ (كەمالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ) ئالامەتلىرىدىندۇر ، ئۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار. ( سۈرە «رۇم» ، 22 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ تىرىكلىك ئالىمدە كىشىنى ئانا تىل ئەركىنلىگىدىن مەھرۇم قىلىش ، ماھىيەتتە ئۇ مىللەت كىشىلىرىنى يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن بى باھا گۆھەردەك قەلىپ سۆزلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، ھەتتا ئۇ مىللەتنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇش دېمەكتۇر. بۇ بولسا ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن قارشىلاشقان لەنىتى شەيتان بىلەن بىر مۇقامدا تۇۋلىغانلىق بولۇپ، كېچىرگىسىز جىنايى قىلمىشتۇر! شوڭلاشقىمۇ ئىنسان تەبىئىتىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان ، ھەتتا كىشىنىڭ ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان مۇنداق رەزىل خاھىشتىن ھەركىم ئۆزىنى قەتئىي چەتكە تارتىشى لازىم ، ئەلبەتتە.

نۆۋەتتە، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە مۇناسىپ تۈزۈلگەن مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرلىك مىللەت مائارىپى ھەققىدىكى قانۇنىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئانا تىل ـ يېزىغىنى قوللىنىش ئەركىنلىگى بارلىغى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس، ھازىر ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغىلا ئەمەس ، بۇ قانۇن ـنىزاملارغا بەزى جايلاردا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـيېزىغىنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان قەدىر ـ قىممىتى تونۇپ يېتىلمىدى. شوڭلاشقىمۇ ئۇيغۇر تىل ـيېزىغىنىڭ قوللىنىلىشى چەكلىنىدىغان خاتا خاھىشلارمۇ خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى دەۋرىمىزدە پاجىئەلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە.

ئىپادىسى شۇكى، 2000 ـ يىلىدىن بۇيان ، ئۇيغۇر دىيارىدا ئاتالمىش « قوش تىل مائارىپى » يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىلىشى قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان تەتۈر ئېقىم پەيدا بولۇپ ، دەرسلەر ئالىي مەكتەپلەردىلا ئەمەس ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ ئۇيغۇرچە ئۆتۈلۈشى چەكلەنگەنلىگى سەۋەپلىك ، مۇندىن بۇرۇن سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچە بىلەن تولۇق ساھەلەر

بۇيچە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى  يارىتىپ خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلاردا كاتتا شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەن ۋە ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ، شۇنداقلا سان - ساناقسىز شاگىرتلارنى تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان شان - شۆھرەتلىك ھۆرمەتلىك ئالىملىرىمىز، پروفېسسور ۋە دوكتۇرلىرىمىز ئەمدى «خەنزۇ تىلىدا دەرس بېرەلمىدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن سىنىپقا كىرىشتىن مەھرۇم بولىدىغان ھەتتا خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋېتىلىدىغان ، بۇ تۇپەيلى نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەرباپلىرىمىز قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ يۈرەك ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار يۈز بەردى .....!!!

مانا شۇ ئاتالمىش « قوش تىل مائارىپى » دېيىلگەن ساختا ھەرىكەت نەتىجىسىدە ، مىللىي مائارىپىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتى جىددىي ھالدا ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. باي ناھىيىسىنىڭ مىرچىغ يېزىسىدىكى بىر مەكتەپنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش نەتىجىسىنىڭ « 0 » بولغانلىغى بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى !!!

بۇ دەرت ئاز بولۇپ قالغاندەك، بىزنىڭ مۇشۇ ئەرەپ يېزىغى ئاساسىدا ئىجادىي ئىشلەپ چىقىلغان يېزىغىمىزغا « تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ» ، «جەمىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايدۇ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغىغا ماسلىشالمايدۇ» دېگەن بۆھتانلار چاپلىنىپ ، لاتىنچىلاشقان يېزىققا كۆچۈش تەرغىپ قىلىندى ۋە يېقىنقى قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» ، « ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دېگەنلەر پەيدا قىلىنىپ ، ئاللىقاچان ئىشلىتىشتىن قالدۇرۇلغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى» نىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىندى.

بۇ دەرتمۇ ئاز بولۇپ قالغاندەك، بىزنىڭ خېلە ئوقۇمۇشلۇق قارالغان زىيالىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئىنگىلىز تىلى قىزغىنلىغىمۇ بولىشىچە كۈچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ تۇپەيلىدىن ياش ئەۋلاتلىرىمىز ئاڭسىزلارچە ئەگىشىپ ئانا تىلىدىن ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا چەتئەللەردە ياشىۋاتقان ئۇيغۇرلار باللىرىنى ئائىلىدە ۋە كىچىك كۆلەملىك باشلانغۇچ مەلۇماتمۇ بېرەلمەيدىغان مەكتەپلىرىدە تەربىيلەشنىلا چىڭ تۇتۇپ ، بىر قەدەر ئوتتۇرا ، ئالىي مەلۇمات ئۇچۇن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا بىرىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن مەھكۇملۇقنى سادىر قىلماقتا.

مانا شۇنداق سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلدا ئالاھىدە ئالىي مەلۇمات ئىگەللەش ، بىلىم ئاشۇرۇش پۇرستى بارغانسىرى يوقۇلۇش ، ھەتتا ئۇيغۇر تىل-يېزىغىنىڭ قوللىنىلىشى ئەمەلدىن قېلىشقا يۈزلىنىشتەك خەتەرلىك ئاقىۋەت پەيدا بولماقتا! ______ ئۇيغۇر ئۇيغۇرلىغىنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە!

ئۇنداق بولسا چۇڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، زادى ئۇيغۇر تىل - يېزىغى ھەقىقەتەن ئىلمىي قىممىتى يوق ، تارىخىي رولىغا ئەھمىيەت بىرىشكە ئەرزىمەيدىغان تىل - يېزىقمىدۇ ؟؟؟

زادى ، ئۇيغۇر تىل-يېزىغى ھەقىقەتەن ئەمەلدىن قېلىشى كېرەكمىدۇ؟

زادى ، ئۇيغۇر تىل - يېزىغى ھەقىقەتەن تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەمدۇ؟

زادى ، ئۇيغۇر تىل - يېزىغى ھەقىقەتەن جەمىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالمامدۇ؟

زادى ئۇيغۇر تىل - يېزىغى مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

ياق!

مۇقەررەركى ، بۇ ئازراقلا ئىمانى ، ۋىجدانى بار ھەر قانداق ئىنساننى قاتتىق ئويلاندۇرىدۇ!

ئەلبەتتەكى، ـــ بىزنى ۋە بىزنىڭ تىل ــ يېزىقىمىزنى « تۇسالغۇ » دەپ قاراش ۋە بىزنىڭ ئىلىم ئەربابلىرىمىزنىڭ دەرس مۇنبەرلىرىدە خاس ئانا تىلنى قوللىنىشنى چەكلەپ، قوللانسا «گۇناھكار » ھېساپلاپ ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىش ، ھەتتاكى پەرزەنتلىرىمىزنى ئانا تىلىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىش ـــ بىز ئۈچۈن قاتتىق ۋىجدان ئازابى چەكتۈرگەن ۋە چەكتۈرىۋاتقان ھاقارەتلىك ھادىسە . . . . . . .!

ھەركىم ياخشى بىلىشى كېرەككى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتتا مۇتلەق ئۇستۇنلىگىمىزنى ئەبەدىي ساقلىيالايدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئەبەدىي زور تۆھپىلەرنى قوشالايدىغان ئېقىل ــ پاراسەتلىك، چىدام ــ جاسارەتلىك مىللەت ئىكەنلىگىمىزدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ھەر قانداق بانايى ــ سەۋەپلەر بىلەن يوق قىلىۋېتىش ئەسلا ۋە ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋە مەن قۇياشنىڭ نۇرىدەك پارلاق ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ھۆكمى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا ئىمانىم كامىلكى ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىز خەلقئارالىق ۋە باشقا خىل تىللاردىن ( جۈملىدىن شۇ تىللاربىلەن مۇناسىۋەتلىك يېزىقلاردىن ) زادىلا قالغۇچىلىگى يوق تىل ـ يېزىق بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇشتا ھەر قانداق تىل ـ يېزىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالىغان ۋە مەڭگۈ تۇرالايدىغان ئالەمشۇمۇل ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئۇلۇغۋارتارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە شۇڭا قوللىنىلىش قىممىتى ئاجايىپ يۈكسەك ھەقىقىي دۇنياۋىي تىل ـ يېزىقتۇر !!!

مۇشۇ تىل ـ يېزىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار بولسا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي جاسارەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە داھىيانە يېتەكچىسىدۇر !!!

باشقا تىللارنى بىلىشى بىلەن ئۆزىنى كاتتا چاغلاۋاتقانلار بۇ ھەقىقەتنى ياخشى بىلىپ قېلىشى، قىلغان قىلمىقلىرىدىن قاتتىق نومۇس قىلىشى كېرەك !

ئەلبەتتە ، بىر تىل ـ بىر دۇنيا . شۇڭا، باشقا تىللارنى ئۆگىنىشمۇ ياخشى ئىش ، بۇ جەھەتتە بايرىغىم رۇشەنكى ، ئەگەر دۇنيادا مەۋجۇت 7000 خىلدىن ئارتۇق تىلنى تامامەن بىلىپ كېتەلىسىگىز ، بۇ تېخىمۇ ياخشى ، مەن 100 % قوللايمەن ، بەلكى مۇنداقلارنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتىرىمەن . ئەمما ئانا تىلنى قەدىرلىمەسلىك ، ئانا تىلنى قوللىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ، جۈملىدىن ئانا تىلنى قوللىنىشنى نومۇس ، باشقا تىللارنى قوللىنىش شەرەپ ، دەپ بىلىش ئۈچىغا چىققان ۋىجدانسىزلىق ، ئىمانسىزلىق ، نومۇسسىزلىقتۇر!

مەن بۇ كىتاۋىمنى مانا شۇ جەھەتتىكى پىكىر ــ چۈشەنچىلىرىمنى شەرھىلەش، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغانلىغىنى جاكارلاش مەخسىتىدە يازغان بولۇپ ، كونكېرتنى قىلىپ تۆۋەندىكى تېمىلار بويىچە بايان قىلىمەن:

1. پارلاق ئىنسانىي مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمقى ئۇستازى ؛

2. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىپادىلەش كۈچى توغرىسىدا ؛

1) ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ؛

2) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى توغرىسىدا ؛

3. تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلار ؛

# 1.پارلاق ئىنساني مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمقى ئۇستازى

تەتقىقاتلار دۇنيادا مەۋجۇت 7000 خىلدىن ئارتۇق تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىي ھايات سەۋىيىسى ئۇزۇن جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە تۆۋەندىكى سىخىملىق باغلىنىشتىكىدەك ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسەتتى :




**دىققەت! ــ سىخىمىدىكى Uygur دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا قاراڭ.** بۇ سىخىمداكۆرۈنگەن مانا شۇ « مۇ » غا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتى ئۈچۈن 50 نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلىپ پۇلاتتەك دېلىللارنى توپلىغان ئىنگلىز تارىخشۇناسى،ئارخېئولوگ جەيمز چېرچۋورد (JamesChurchward) نىڭ «مۇ قۇرۇغلۇقى» ناملىق كىتاۋىدا ، ئىنسانىيەت تەخمىنەن بۇنىڭدىن200 مىڭ يىل بۇرۇن« مۇ قۇرۇغلۇقى » دا پەيدا بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەلىللىگەن.

ئاپتور بۇكتاۋدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولىشىغا مۇستەھكەم ئاساسلارنى سالغان




يادرولۇق مىللەت ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى، دېمەك پارلاق ئىنسانىي مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمقى ئۇستازى دەل ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى ، ئۇيغۇرلار «بۈيۈك ئۇيغۇرئىمپېرىيىسى» نى قۇرۇپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىنى ئۆزلەشتۇرگەنلىگىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆۋەندىكى خەرىتىگە قاراڭ:

ئاپتور بۇ كىتاۋدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇنداق كاتتا ئىمپېرىيە ھالىتىدە دۇنياغا ھۆكۈمران

بولغانلىغىنى ، ئەمما ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە گۈللىنىشىنىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىگىنى ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ ، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ تېرىتۇرىيىسى ، قۇدرىتى ، تەسرى ۋە دۆلەت قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆپلىگەن تارىخىي ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىلەن ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ، « ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، ئاسترونومىيە ، مېتاللورگىيە ، توقۇمىچىلىق سانائىتى ، بىناكارلىق ، ماتېماتىكا ، زىرائەت يېتىشتۈرۈش ، مائارىپ ، دوختۇرلۇق ــ تىبابەت ۋە باشقا جەھەتلەردە بىلىملىك خەلق ئىدى ، يىپەك ، تاختا ۋە مېتال ئۇستىگە خىلمۇ ـ خىل گۈل ـ نەقشلەرنى چىقىرىشنىڭ ئۇستىلىرى ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش، برونزا ( تۇچ ) ۋە سېغىز توپىلاردىن ھەيكەل ياسىيالايتتى. بۇ ، مىسىر تارىخىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار ئىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئاپتور « مۇنىڭ قۇتسال سىمۋوللىرى » ناملىق كىتاۋىدا بولسا : « پۈتكۈل مۇ مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۇيغۇرلارنىڭكىنى ئاساسلىق ھالدا تاللىغان . ........ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقات ، بىلىم، ئىجتىمائىي ھايات ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ، ئىنسان بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى قۇرۇلمىلار جەھەتتىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئاساسلار ناھايىتى توغرا » ، دەپ يازىدۇ .

ئاپتور ئەمدى «مۇ قۇرۇغلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى»ناملىق كىتاۋىدا بولسا خەنلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : « خەن مەدەنىيىتىنى ناھايىتى قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى، دېگەن كۆز قاراش تولا ئۇچرايدۇ. ئەسلىدە خەن مەدەنىيىتى ئارانلا بەش مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە خەنلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنمىش. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئالغان. خەنلەر مۇڭغۇللارغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار يېرىم مۇڭغۇللار. ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار بىلەن سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا ئارىلاش نىكاھ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئەۋج ئالغان. مۇڭغۇللارنىڭ ئېلى جەنۇپ تەرەپتە ئىدى. ئەنە شۇنداق نىكاھلاردىن تۇغۇلغانلار دەسلەپكى خەن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. يازما مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلگەن: « ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ئەڭ گۈزەل سېرىق تەنلىك ياۋايىلارغا ئۆيلەندى » . بۇ خاتا تەرجىمە . چۈنكى مۇنداق نىكاھلار مەۋجۇت دەۋرلەردە يەر يۈزىدە ھېچقانداق ياۋايىلىق بولمىغان . بۇ يەردە سۆز «تۆۋەن سېرىق ئىرق» ھەققىدە بولغان. بۇ رىۋايەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن : «سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا خېلىلا ناچار تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلىلا تۆۋەن ئىدى.» ھازىرقى خەنلەرنىڭ كۆپچىلىگى ، بولۇپمۇ ئېسىل قانلىق خەنلەر ئاق تەنلىكلىگى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى ئېقىۋاتىدۇ. قاتاردىكى تۆۋەن سىنىپ ۋەكىللىرى بولغان جەنۇپلۇق خەنلەردە ئۇيغۇر قېنى يوق. ئۇلار قەدىمىي سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللارنىڭ ئەۋلاتلىرى.

مۇنداق ئارىلاش ئائىلىلەردىكى ئۇيغۇر ئاتىلار بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قېلىپلاشقان ئۆلچەم بويىچە بىلىم ئېلىشىنى جىددىي نازارەت قىلاتتى. دېمەك، خەنلەرنىڭ ئېمپېرىيىسىنى ئۇيغۇر قانلىق، ئۇلۇق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەملەر قۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، خەنلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. بۇ مەدەنىيەتنى خەنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاتىلىرى تاپشۇرغان. خەنلەرنىڭ داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇنلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۆججەتلەر ساقلانماقتا.» ( شۇ كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى(قىرغىزىستان ـ بىشكەك)، 227 ـ 228 ـ بەتلەر)

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدابولۇش تارىخى ۋە تۇنجى ماكانى توغرۇلۇق ياۋرۇپا تارىخچىلىرى قەدىمقى مىسىر ،بابىلون ، گرېتسىيە ۋە رىم ئىمپېرىيىسى ، ئاندىن قالسا جۇڭگو ۋە ھىندىستاننى تىلغا ئېلىشىدۇ .

ئەمما جەيمىز چېرچۋود 50 يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى بولغان « ئۇلۇق ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى » ناملىق كىتاۋىدا بۇنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : « ئۇيغۇرلار مۇندىن 20000 يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان . ئۇلار ئاسترونومىيە ، كانچىلىق ، توقۇمچىلىق، ئارخېئولوگىيە ، ماتېماتىكا ، يېزا ئىگىلىگى ، يېزىق ، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا پەنلەرنى بىلەتتى . ئۇلار يىپەك ، مېتال ۋە ياغاچتىن ھەشەمەتلىك بۇيۇملارنى تەييارلاشقا ماھىر ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ياسىيالايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىر مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن . قەدىمىي گرېك ، خالدېي ، ۋاۋىلونلار ، پارسلار ، مىسىرلىقلار ۋە ھىندىلارنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمىي « مۇ »دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان .» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 14 ـ بەت )

يەنە تۈركىيىنىڭ «ئەرگىنەقۇن» (ErgineQun) گېزىتىدە مۇھەررەم قىلىچ تەرىپىدىن« شىئەندە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەھرامى » ناملىق بىر پارچە ناھايىتى قىممەتلىك ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، ماقالىدە « ئۇيغۇر رايونىدا بايقالغان ، ياسىلىش دەۋرى مىسىر ئەلئىھرامىدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇن بولغان ، مىسىردىكى ئەلئىھرامدىن تېخىمۇ ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك بولغان ئەھرامنى ياسىغۇچى خەلق ھەقىقىي ئۇيغۇر تۈركلىرىدۇر. بۇ رايونغا كىرىش جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي چەكلەنگەن . بۇ رايونغا ھەتتا ئارخېئولوگلارنىڭ كىرىشىگىمۇ قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ . چۈنكى بۇ ئەلئىھراملارنىڭ ئىچىدە پروتو ـ تۈرك ( Proto ـ Türk )يازمىلىرى بار بولۇپ، بۇ سىرلىق ئەلئىھراملار دۇنيا تارىخىنىڭ قايتا يېزىلىشىغا سەۋەپچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بوگۈنكى كۈنگە قەدەر جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى شىئەندىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىنلىشەن تېغى ئۈستىدە قەدىمقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان 100 دىن ئارتۇق كىچىك ئەلئىھراملار بار بولۇپ ، ئېگىزلىگى 300 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئەلئىھراملارنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن 1994 ـ يىلى شەنشى رايونىدا تەتقىقات ساياھىتى ئېلىپ بارغان گېرمانىيىلىك ئالىم ھارتۋىگ ھاۋستوف ئۆزىنىڭ رەسىم ئالبومىدىن بىر قانچە رەسىمنىڭ خەلققە كۆرسىتىلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان . ھاۋستوفنىڭ قارىشىچە ، ئەلئىھراملارنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى ئەڭ ئاز مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500 يىللار ئەتراپىدىدۇر . بۇ رايوننىڭ چەكلەنگەن رايون قىلىنىپ ئېلان قىلىنغانلىقى سەۋەپلىك ئەلئىھراملارنىڭ ئىچىدىكى مىسىر ئەلئىھراملىرىدىنمۇ يۇقىرى تېخنىكا بىلەن مۇميالاشتۇرۇلغان جەسەتلەر ۋە قىدىمقى تۈركچە يازمىلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ »دېيىلگەن . تۆۋەندىكى رەسىم مانا شۇ ئەلئىھراملارنىڭ بىر قىسمى :

 

مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ
ماتارىپ، ئىلىم ـ پەن ، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتە قانچىلىك ئىلگىرى ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ناھايىتى رۇشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار مانا شۇنداق ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا يېزىق قوللىنىپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ ئىنسانىي ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندا ، باشقىلار خىلمۇ ـ خىل دەت ـ تالاش ، جەڭگە ـ جېدەللەر بىلەن ئاۋارە ئىدى . بۇ ھەقتە تۈركچە ئىشلەنگەن « بوز قىرنىڭ ئۆيغىنىشى » ناملىق خەرىتىدە تەپسىلى چۈشەنچىلەر بىرىلىپ ، ئۇيغۇرلارغا نىسپەتەن ، « ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ ئورنىغا ئەدەبىيات » ماۋزۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئىنسانىي ھاياتىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغانلىقى ، قەدىمى تەككەنلا يەردە ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقى قىزغىن مەدھىلىنىپ ، « . . . .شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار تۈرك ، مۇڭغۇل قەۋملىرى ئىچىدە بۆيۈك ، ئىلغار بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى ، چىڭگىزخان زامانىغا كەلگەندىمۇ ئۇلار قەۋملەرنىڭ تەربىيىچىلىرى بولغان ئىدى . . . . .» دېيىلىدۇ . بۇ باھاغا ناھايىتى يېقىن ھالدا فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس تارىخچى گراسېر ئەپەندىمۇ 1930 ـ يىللىرى يازغان « يايلاق ئىمپېرىيىلىرى » ناملىق كىتاۋىدا قېدىمقى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ ، « ئۇيغۇرلار تۈرك ، مۇڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يانىلا تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى » دەپ يازغان بولسا ، ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دېنىس سىنور ئەپەندى 1960 ـ يىللىرى يازغان« ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا » ناملىق كىتاۋىدا ئۇيغۇرلارنى «تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچ قايىسسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن » دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. دەرۋەقە تارىختا چىڭگىزخاندەك قۇدرەتلىك جاھانكەشتىلەرمۇ بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۇيغۇر كاتىپ ـ باخشىلىرىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىغى مۇڭغۇللارنىڭ دۆلەت يېزىغى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىلىم ھەققىتىگە ئوتتەك مۇھەببەتلىك يەنە قانچىلىغان ئالىملارمۇ باركى ، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ناھايىتى يۈكسەك باھالارنى بەرگەن . بۇلاردىن شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار ياريڭ « ئۇيغۇر تىلى » ناملىق 4 توملۇق كىتاۋىنى يازغان بولسا ، گېرمانىيىلىك پروفېسسور گاباين خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، دىنىي ئېتىقادى ، تىل ـ يېزىغى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغانكى ، ئۆمۈرۋايەت تۇرمۇشلۇق بولماي ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرنى ياراتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، ئۇنىڭ « قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى » ، « قېدىمقى تۈركىي تىللار » ، « ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى»...... قاتارلىق **10** نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى ، **200** پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزلىرى بار .

ئۇلاردىن باشقا تۈرك ئالىم ، پروفېسسورلاردىن ئوكتاي سىنان ئوغلى مۇنداق دەيدۇ : « بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ياخشى تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان ئەمەس ، ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان مىڭلىغان مۇتەخەسسلەرنى يېتىشتۈرۈپ ئون مىڭلىغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدۇرۇش لازىم . » (تەتقىقاتچى يازغۇچى تۇرغاي تۆپەكچى ئوغلى : « پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە » ، **289** ـ **290** ـ بەتلەر ) ،« ئۇيغۇر تۈركلىرى دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك ، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى . ئىنساننىڭ باياشاتلىغى ، ھۆزۈرى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرت سورىغانلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر . باشقا تۈرك دۆلەتلىرى ۋە ئاخىرىدا ئوسمانلىقلارمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشتۇرغان . » ( شۇ كىتاپ ، **252** ـ بەت ) ، « تۈرك دۇنياسى ، ھەتتاپۇتكۇل ئىنسانلار ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتىن قەرزدار . ئۇيغۇرلار ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . دۇنيا بويىچە ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولىشىنى ئالدىنقى رەتتە قويغان دۆلەت باشقۇرۇش ئېگىنى ۋە تۈزۈلمىسىنى، نۇرغۇنلىغان سەنئەت ۋە تېخنىكىنى ، ئەڭ ئىلغار تېرىقچىلىق ۋە سۇغۇرۇش ۋە بوستانلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۇلار ئىجات قىلغان . ئوسمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپپىقىيەتلىرى مانا شۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن... **20** يىل بۇرۇن ياپونىيىدىكى جىددىي ئىزدىنىشلىرىم جەريانىدا ياپونلارنىڭ دىققىتى قوزغالدى . ھازىر ئۇلار تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى . بىز ياپونلار بىلەن بىرلىشىپ **«ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزى»** نى قۇرۇشىمىزلازىم . ئوسمانلىق ئارخىپ بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بىلىم قوشۇنىنىڭ يېنىدا يەنە ئۇيغۇر تىلى ، يېزىغى ۋە تارىخى بويىچە كۆپلىگەن مۇتەخەسسلەرنى تېزلىكتە يېتىشتۈرىشىمىز لازىم.» ( شۇ كىتاپ ، **283** ـ بەت )

ئەمدى ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونا مەدەنىيەت مىنىستىرى نامىك كەمال زەيبەك ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : « .... تۈركىيىدە قوللىنىلىۋاتقان ‹ئۇيغارلىق› دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىسمۇ ‹ئۇيغۇرلۇق› تۇر . .... « ھازىرقى زامان تارىخى » ئىنسانىيەت تارىخىنى ئەڭ كۆپ **6** ـ **7** مىڭ يىل كەينىگە قايتۇرۇپ سۈمەرلەر بىلەن باشلىنىدۇ . ... ئەمما تارىخنى تېخىمۇ كەينىگە سۈرىۋاتقان تەتقىقاتچىلارمۇ بار . مەسىلەن ، « مۇ » ( **MU** ) ئۇيغارلىغى ناملىق ئىلمىي ماقالىنى كۆرىدىغان بولساق ، ئۇنىڭدا ، بۈگۈن ياشىۋاتقان دۇنيامىزغا **12** مىڭ يىل بۇرۇن ھاكىم بولغان ، دۇنيانى باشقۇرغان بىرئىمپېراتۇرلۇق بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى **«ئۇيغۇر ئىمپېراتۇرلىغى»**دىن ئىبارەت..... دېگەن ئۇلۇق ئىلمىي ھەققەت ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان » ، « قوللىنا ـقوللىنا ئۆگۈنۈپ قالغان ئاشۇ « ئۇيغارلىق » دېگەن سۆزگە بىر قاراپ باقايلىمۇ ؟ بۇنىڭ ئەسلىسى « ئۇيغۇرلۇق » تۇر . «ئۇيغۇرلۇق» دېگەن سۆز بىرئاز ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق مانا شۇنداق «ئۇيغارلىق» دېيىلىدىغان بولۇپ قالغان . ... بۇ ئۇيغۇرلار زادى كىم ؟... نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلۇق ؟ چۈنكى ، مۇندىن **12** مىڭ يىل ئىلگىرى ئاسىيا ۋە ياۋروپانى ئۇيغۇرلار باشقۇرغان ۋە پۈتكۈل خەلقلەرگە «ئۇيغارلىق» نى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . بىلىنگەن پۈتكۈل مەدەنىيەتلەرنىڭ تۈنجى مەنبىئىمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى . ....ئاتا تۈرك نىمە دېدى ؟ خوش ، تارىخىي قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر ئۇيغۇرلارنى نەگە باغلايدۇ ؟ جەيمز چېرچۋود

« **مۇ ئۇيغارلىغى** » دەيدۇ ۋە «**مۇ قىتئەسى**» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئاتا تۈركمۇ يۇقىرى قابىلىيىتى ، ئالاھىدە سەزگۈ كۈچى ۋە ھەقىقىي ئىلمىي تەھلىللىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا ياشىغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . **50** مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر-بىرىگە تۇتاش دېڭىزلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئىچكى دېڭىز بار ئىدى . بۇ ئىچكى دېڭىزنىڭ ئەتراپىدا كۆركەم بىر مەدەنىيەت ( ئۇيغارلىق ) بار ئىدى. بۇ ئۇيغارلىق ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتكۈل دۇنيانى ئىدارە قىلدى،تەسىرلەندۇردى ۋە ئۇيغارلىقنى تارقاتتى. .... » ( نامىك كەمال زەيبەك :« ئاناتولىيەگە قاچان كەلدۇق ؟ » )

يەنە ، مەشھۇر تارىخشۇناس مورگان ئەپەندى : «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈلگۈكتۇر . قاچان شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ .» دېگەن بولسا ، رۇس ئالىمى كۇزنىتسوف : « ئوتتۇرا ئاسىيانى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئوچىغى دەيدىكەنمىز، شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى ئونۇتماسلىغىمىز كېرەك .»دەپ ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ .

ئەمدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ **11**-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمى ، تۈركولوگ مەھمۇت قەشقىرى ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » نى يېزىپ ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ، مەدەنىيىتى ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاجايىپ قىممەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ تۇنجى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئىدى . «تۈركىي تىللار دىۋانى » ياۋروپا ئىلىم - پەن ئالىمىدە ، بولۇپمۇ تۈركولوگىيە ساھەسىدە زور ۋەقە ھېساپلانغان ئىدى . بۇ ھەقتە يېزىلغان نېمىسچە ، ۋېنگىرچە ،رۇسچە، ئىنگلىزچە كىتاپ ۋە ماقالىلار ھەددى - ھېساپسىز . خۇسۇسەن ، « تۈركىي تىللار دىۋانى» سەۋەپلىك ئالىمنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ئۈچۈن ب د ت **2008** - يىلنى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ خاتىرلىنىش يىلى قىلىپ بېكىتتى !

مەشھۇر شائىر ، تىلشۇناس ۋە خەتتات مىرزائەلىشىر ناۋايىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغۋار تىل ئىكەنلىگى توغرىسىدا «ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ ، ئۆزىنى تىپ قىلغان ھالدا شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىشقا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلغان ئىدى .

يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ **11** - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوڭ ھەجىملىك داستان «قۇتاغۇ بىلىك » (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ) نى يازغان بولۇپ ، بۇئەسەر ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى سەھنىسىدە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئىسىل دۇردانىلىرىدىن بولغان مەشھۇر شاھ ئەسەرلەر قاتارىدا ئۆزۈندىن بۇيان پەخرى ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە . يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش ، بىلىم ، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەخلاقنى ئىززەتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇ ئەسەر تىل ۋە شېئىرىي ئۇسلۇپ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ **11** - ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ .

يەنە كۆرسەك ، مۇندىن **2** - **3** مىڭ يىللار بۇرۇن ئاسىيا -ياۋرۇپا چوڭ قۇرۇقلىغى ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگودىن رىمغىچە بولغان كەڭ رايونلار ۋە نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسى، ئىقتىسادى ، سودا مۇناسىۋىتى ، دوستانە بېرىش ـ كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ۋە يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن ‹ كارۋان يولى › دېيىلسە ، تارىختا ئۆيىنىغان مىسلىسىز كاتتا رولىغا ئاساسەن ‹ دوستلۇق يولى › ، ‹ ئالتۇن كۆۋرۈك › دەپ تەرىپلەنگەن ، ئۇيغۇرخەلقىنىڭ بۇ يولنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىگە ئاساسەن گېرمانىيىلىك فېردىنانت فون رىچتخوفىن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم « يىپەك يولى » دېيىلگەن يولمۇ بار .

بۇ يەردە ئەمدى شۇنىمۇ ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەنكى ، **2005** ـ يىلى **2** ـ ئايدا ئەنگلىيىدە «ئەنگلىيە خان جەمەتى سەنئەت ئاكادېمىيىسى» تەرىپىدىن « تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىڭ يىللىق سەپىرى »تېما قىلىنغان كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ كۆرگەزمە **1930** ـ يىلدىن بۇيان لوندوندا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەڭ چوڭ كۆرگەزمە ھېساپلىنىدۇ . كۆرگەزمىگە كۆك تۈرك ، ئۇيغۇر ، سەلجۇق خانلىغى ۋە ئوسمانىيە ئېمپېرىيىسىگە ئائىت تارىخىي يادىكارلىقلار قويۇلغان ۋە تۈركىي خەلقلەرگە ئائىت **370** پارچە ئاسارە ـ ئەتىقە كۆرگەزمە قىلىنغان. بۇلار نيۇيوركتىكى مىتروپولىتان مۇزېيى ، پېتېربۇرگدىكى ھېرمىتاگې مۇزېيى ، پارىژدىكى لۇر مۇزېيى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئەسەرلەردىن توپلانغان . كۆرگەزمىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت مىڭ ئۆي رەسىملىرى ، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق يەرلەردىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تېكىستلەر ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت بولغان ئۆلۈكلەر كىتاۋى ، ئىرىقبىتىك ، ئوغۇزخان داستانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، ۋېيانا دۆلەتلىك مۇزېيخانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، بېرىتانىيە مۇزېيخانىسىدىن تاللانغان ئۇيغۇرچە تېكىستلەر ۋە ھەرقايسى مۇزېيخانىلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن ئۇيغۇر دۆلىتى مەزگىلىدىكى نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار بار بولۇپ، **كۆرگەزمىدە بىرىنچى سەپكە ئۇيغۇرلارنىڭ تىزىلغان !!!**

بۇ جەھەتتىكى تەپسىلىي مەلۇماتلارغا تۆۋەندىكى ئادرېس ئارقىلىق تولۇق ئېرىشكىلى بولىدۇ :

**http://www.turks.org.uk/index.php?pid=8**

يۇقارقىلاردىن باشقا، **19** ـ ئەسىرلەردە غەرپلىكلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تېخى ئېچىلمىغان ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئاسىيا ئىچكى قۇرۇغلىقىغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىشى، شۇنداقلا تۈرلۈك سىياسى ـ ئىقتىسادى مەسىلىلەر سەۋەبىدىن كۆپلىگەن چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئاسىيا ئىچكى قۇرۇغلىقىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ تۈرلۈك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ، مەزكۇر رايوندىن كۆپلىگەن تارىخىي ، مەدىنى يادىكارلىقلارنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن. مانا مۇشۇ «ئولجىلار»نىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتورا ۋە شىمالى ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدىنىيىتى، تىلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى غەرپ ئەللىرىدە ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. كۆپلىگەن شەرقشۇناسلار،ئالتاي ـ ئورالشۇناسلار، تۈركشۇناسلار ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ، ئاز بولمىغان ئىجادى ئەمگەكلەرنى قىلىش ئارقىلىق، ئوتتورا ۋە شىمالى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدىنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا نامايەن قىلغان.

تۆۋەندىكىلەر مانا شۇ جەھەتتە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى:

## 1. چوقان ۋەلىخانوف(1837 ـ 1865 ، قازاق): «چوقان ۋەلىخانوف ماقالىلەرتوپلىمى» ؛

چوقان ۋەلىخانوف ھازىرقى روسىيەگە قاراشلىق سىبىرىيىدىكى ئومىب شەھىرىدە توغۇلغان بولۇپ،

قازاق . ئۇ، چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بويىچە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ نۇرغۇن تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

**2.ن.م.پىرژىۋالىسكى(1839 ـ 1888،رۇس)** : «ئوسسورىيە» (سىبىرىيەنى تەكشۈرۈش دوكلاتى) ؛ «زەيساندىن يولغا چىقىپ قۇمۇل ئارقىلىق شىزاڭ، خۋاڭخىنىڭ باش ئېقىنىغا بېرىش» (تەكشۈرۈش دوكلاتى)؛

**3.ۋ.بارتولد (1869 ـ 1930، رۇس):** «مۇڭغۇل ئىستىلاچىلىرى دەۋرىدىكى تۈر ـ كىستان»، « ئوتتورا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي ئەسەرلەر»، «تۈرك ـ مۇڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى ۋە فىلولوگىيىسى ـ ئوتتورا ئاسىيا، ئىراق شەرق»، «شەرقشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەر»، « يەتتە سۇ تارىخى ئوچېرىكلىرى »، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيە دوكلاتى »، « تۈركىستان »، « موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان »، « قىرغىزلار »، « تۈركى ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى » ؛

**4.ۋ.ۋ.رادلوف (1837 ـ 1918 ، رۇس ) :** «سىبىرىيە»، «سىبىرىيىدىكى قەدىمقى ئىزلار»، «تۈركى تىللار دىئالېكت لوغىتىنىڭ سىناق نوسخىسى»، «ھەرقايسى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ؛

**5.س.ئى.مالوف(1880 ـ 1957،رۇس ) :** «قەدىمقى تۈركى ۋە ـ سىقلەر»، «سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولگىيىسى ۋە سىنتاكسىس»، «ئالتۇنيارۇغ»، «قۇمۇل شىۋىسى»، «لوپنۇر شىۋىسى» ؛

**6. پ.ك.كوزلوف(1863 ـ 1935، رۇس ) :** «مۇڭغۇلىيە ئامدۇ ۋە ئۆلۈك شەھەر قاراخوتو»؛

**7. ئا. ن. بېرنىشتام (1910 ـ 1956 ،رۇس ) :** «ھونلار تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، «6 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ـ يىنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى»، «يەتتەسۇ ئارخىلوگىيە توپلىمى»، «ئوغۇزخان رىۋايىتىدىكى تارىخى ھەققەت» ؛

**8.ئا.ن.كىروپاتكىن ( رۇس ):**«قەشقەرىيە»؛

**9.ئى.ي.بىچۇرىن (رۇس ، 20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى ئوتتورا ئاسىيادا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»؛

**10. ئا.م.شىرباك (رۇس ، 20 ـ ئەسىر) :**«تىلشۇناسلىقتا ئالتاي قىياسى»، «شىنجاڭدىن تېپىلغان 10 ـ ،13 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركچە تېكىستلەرنىڭ گىراماتىكىسىدىن ئوچېركلار»، «يېڭىدىن بايقالغان رونىكچە تېكىستلەر» ؛

**11.باسكاكوف( رۇس ، 20 ـ ئەسىر) :** «ئالتاي تىللىرى»، «تۈركى تىللار»؛

**12.د.ئى.تىخونوف ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر):**1966 ـ يىلى « 10 ـ 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. يەنە **شۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى مالياۋكىن** 1983 ـ يىلى « 9 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » دېگەن ئەسەرنى يازغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى 1988 ـ يىلدىن باشلاپ تىخۋىنسكى ۋە لىتۋىنىسكىلارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە كوللېكتىپ ھالدا كۆپ توملۇق « قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ تۆت تومنى نەشرىدىن چىقاردى.

ئاپتور بۇ ئەسەردە غەربتىكى ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى توم ئالتىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باپىدا قەدىمقى يۇنان، رىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۇيغۇر دىيارى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن زور مىقداردا پايدىلىنىپ، جۇڭگۇدىكى پەقەت خەنلەرنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىغىلا تايىنىدىغان تارىخچىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدى.

**13. س. ۋ. كىلياشتورنى (20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ؛

**14. ئا. گ. مالىيۋكىن(20 ـ ئەسىر):** «8 ـ ئەسىردىكى تۈرپان خاندانلىقى»، «9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى گەنسۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە تاڭغۇتلار» ،«840 ـ 848 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە جوڭگو»، «9 ـ ،12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ؛

**15. ۋ. م. ناسىلىۋ (20 ـ ئەسىر) :** «ئۇرخۇن ـ يېنسەي يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى»، «ئۇرخۇن يېزىقىدا خاتىرلەنگەن تۈركى تىلىدىكى يادىكارلىقلار» ؛

**16. ن. ف. كاتانوف**(خاكاس تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان) : «كونا چىقىش ئۇيغۇر ـ لىرىنىڭ تۇرمۇشى» ؛

**17. ياكۇبوۋسكى:** 1947 ـ يىلى « ئەرەپ، پارىس مەنبەلىرىدىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى(9 ـ 10 ـ ئەسىرلەر) » . ئۇ بۇ ماقالىسىدا ئەرەپ ۋە پارىس تىلىدىكى يازما ماتېرىياللار ئارقىلىق تۇرپاندىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى تارىخىنى بايان قىلغان.

**18. گىرۇم گىرژىمايلو:**«جوڭگونىڭ غەربىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى». بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى تارىخى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. بۇ ئەسەردىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گىرىگورىيوۋنىڭ ئەسىرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللار كىرگۈزۈلۈش بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرلەرگە بىرمۇ ـ بىر ئىزاھ يازغان؛

**19. پىراۋۇسلاۋىيە ئېپىسكوپى بىچۇرىن :** « قەدىمقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تۈركىستاننىڭ ئومۇمي ئەھۋالى » ۋە «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » ؛

**20. بىرېتسچنېيدېر:** « ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار» ؛

**21. دوسسان:**«موڭغۇل تارىخى ــ چىڭگىزخاندىن تۆمۈرلەڭگىچە»(ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا چېتىلىدۇ).

## ياپۇنىيە:

**1. نىشتوكوجىرو(1847 ـ 1912) :** «ئوتتورا ئاسىيا خاتىرىلىرى» ؛

**2. ئوتانىكوئول(1876 ـ 1948):**«غەربى يۇرتنىڭ ئارخىلوگىيىلىك رەسىم شەجەرىسى»، «يىڭى غەرپكەساياھەت» ؛

**3. خىنوتسۇتومۇ (1866 ـ 1920) :** «ئىلى خاتىرىلىرى» ؛

**4. ماتسۇداتوشئو (1903 ـ 1983):** «كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، «ئوتتورا ئاسىيا تارىخى» ، «قەدىمقى تەڭرى تېغىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ؛

**5. ئومموراخىروشى(20 ـ ئەسىر):** «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەت ۋە ھۆجـ ـ ـجەتلەر توپلىمى» .

**6. نىشخاما جۇنتارۇ(20 ـ ئەسىر) :**«قەدىمقى دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرى»، «ئۇيغۇرچە بۇددا كىلاسسىك ئەسەرلىرى»، «غەربى رايون مەدىنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنىڭ رەتلىنىشى ۋە تەتقىقات» ؛

7 . **يامادانوبو (20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ شەرھى» ، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە توختام ۋەسىقىلەر توپلىمى» ، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە سودا ـ سېتىق توختامنامىلىرىنىڭ فورماتى» ، «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان غەربىي يۇرتقا ئائىت يادىكارلىقلار» ، «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ مۇندەرىجىسى» ؛

**8 . مورىماسائو(20 ـ ئەسىر):** «قەدىمقى ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلەرگەئائىت مەسىلىلەر» ، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە تەكلىك سېتىش توختامنامىسى» ، «بۆگۈخان ۋە قۇجۇ» ، «ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈنىلىشى» ، «ئەلشىر ناۋايى» ؛

**9 . ئودايوتىن(20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى سەككىز يۈكمەك ھەققىدە ئىزدىنىش» ؛

**10 . كوداراكوگى(20 ـ ئەسىر):** «شۋېتسىيە مىللىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ ۋاقىتلىق تىزىملىگى» ؛

**11 . شۇگايىتوماساخىرو(20 ـ ئەسىر):** قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» ، «بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» ؛

**12 . خامادىماسامى(20 ـ ئەسىر،چاغاتاي ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتچىسى) :** «زەپەرنامە» (كۇچا دېھقانلار ئىنقىلاۋى توغرىسىكى ئەسەر ۋە بۇ توغرۇلۇق تەتقىقات) ، «تارىخى ئەمنىيە» ، «غازات دەرمۇلۇك چىن ھەققىدە» ، «ئىلى كىرىزىسى ۋە ئۇيغۇرلار» ، «خوتەن تارىخى» ؛

**13 . مانۇئىيجى (20 ـ ئەسىر) :** «بابۇرنامىنىڭ سىھرى كۈچى» ، «تارىخى رەشىدى» ، «بابۇر ۋە ھىرات» ؛

**14 . مورىياسوتاكائو(20 ـ ئەسىر) :** «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يۈەن دەۋرىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددا راھىپلىرى يازمىلىرى» ؛

**15 . خانىداتورو(20 ـ ئەسىر):** «تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات» ، «تۈركلەر ۋە بۇددا دىنى» ، «ئۇيغۇرچە بۇددىزىم كىلاسسىك ئەسەرلىرى» ، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، «تۇرپاندىن تېپىلغان مانى مۇخلىسلىرى تىلاۋەتنامە پارچىسى» ؛

## گېرمانىيە:

**1 . ئالبېرت فون لىكوك (1860 ـ 1930) :** «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» ، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى» ، «ئىدىقۇت» ؛

**2 . ئا . گرونۋېدىل(1856 ـ 1935) :** «قەدىمقى كۇچا» ، «گېرىتسىيە ، تۈركىستاندىكى قەدىمقى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى» ؛

**3 . ئاننى فون گاباين (1901 ـ 1993)** پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىلى ، مەدەنىيىتى ،تارىخى ، دىنى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىدى ۋە بۇ ھەقتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ ، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇيغۇر ـ شۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ، ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ، ئۇستازى ۋ. باڭ بىلەن بىرلىشىپ 6 توملۇق« تۈركچە (ئۇيغۇرچە) تۇرپان تېكىستلىرى » ۋە « قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى <سامتسو ئاچارىنىڭ تەرجىمھالى>

(شوەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى) » دېگەن ئەسەرلەرنى تەييارلىدى. 1941 ـ يىلى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسىرى « قەدىمقى تۈرك تىلى(ئۇيغۇر تىلى) گىراممىاتىكىسى » دېگەن ئەسەرنى يازدى. 60 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە سەنئىتىگە قاراتتى ھەم بۇ جەھەتتە شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا « قەدىمقى تۈركلەرنىڭ ھاياتىدا شەھەرنىڭ رولى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخى »، «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇددىزىم »، « قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامىسى »، «ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددىزىم »، « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى »، « تۇرپاندىن بايقالغان بۇيۇملاردىكى مەتبەچىلىك تېخنىكىسى »، « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش » (ئىككى توم)، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىققا كىرىش » قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇيغۇر سەنئەت تارىخى ھەققىدە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر « ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىم سەنئىتى » ۋە «ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇددا سۇترالىرىدىكى ياغاچ ئويما قىستۇرما سۈرەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى.

**4.ئومىليان پرىتساك (20 ـ ئەسىر)** : «تۈركى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»،«قاراخانىلار دۆلىتى»،«ئوغۇز يابغۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەيران بولىشى». «قارلۇقلاردىن قاراخانىلار دۆلىتىگىچە» ؛

**5. ج.ماركۋارد (20 ـ ئەسىر)** : «قەدىمقى تۈركلەردە يىلنامە»، «كومانلار» ؛

**6.ئىمىرساك(20 ـ ئەسىر):** «ساك تىلىنىڭ گىراممىاتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۈدۈن يېزىغىدىكى ئالتۇن يارۇق نومى» ؛

**7.ھىرمان ۋامبىرى (20 ـ ئەسىر)** : «چاغاتاي تىلى ھەققىدە تەتقىقات»، «سە ـ مەرقەنت تارىخى» ؛

**8. ۋىللى بانگ (20 ـ ئەسىر)** : «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ؛

## باشقا ئەللەر

**1.ستانىسلاس ژۇلىن(1797 ـ 1873، فرانسىيە)** : «شەرقى تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتىرىياللار» ؛

**2.ئاۋرېل ستەيىن(1862 ـ 1943 ،ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيىلىك)** : «غەربى رايون»، «غەربى رايون ئارخېلوگىيىسى» ؛

**3.ۋ.تومسىن(1842 ـ 1927،دانىيە):**«ئورخۇن ـ يېنسەي يادىكارلىقلىرىنى يېشىپ ئو ـ قۇشتىن دەسلەپكى نەتىجە» ؛

**4.سىۋېن ھېدىن(1865 ـ 1952،شۋېتسارىيە)** : «ئوتتۇرا ئاسىيانى كېسىپ ئۆ ـ تۈش»، «جوڭگونىڭ غەربى شىمالىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «1899 ـ 1902 ـ يىللاردا ئاسىيانى تەكشۈرۈشتىن ئىلمى نەتىجىلەر» ؛

**5.گۇننارىيارىڭ(1907 ـ ؟ شۋېتسىيە)** :«ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە چۆچەك،رىۋايەتلەر»، «ئۇيغۇرشۇناسلىق»، «ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىغا ئائىت ماتىرىياللار»، «شۋېتسىيىدىكى تۈركشۇناسلىق»، «جەنۇبى شىنجاڭدىكى شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئېتنوگرافىك

مەسلىلەر» ، «ئوتتورا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەن ـ بەلگىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر» ، «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ؛

**6 . ئېدۋار يۇھاننىس(1865 ـ 1918 ،فرانسىيە):**«غەربى تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىيال ـ ـلار» ، «مانى دىنىنىڭ جوڭگوغا تارقىلىشى» ؛

**7 . رېبىنگروت(1906 ـ 1968 ، فرانسىيە) :** «تۈرك خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ؛

**8. دابىرىدېي تىرسانت(1826 ـ 1893 ، فرانسىيە) :** «جوڭگو يايلاقلىرى ۋە غەربى يۇرتتىكى ئىسلام دىنى» ؛

**9 . مونىك مائىلارىد(20 ـ ئەسىر ،فرانسىيەلىك ئايال تەتقىقاتچى) :** «كۇچاردىكى قەدىمقى ئىزلار» ، «غەربى يۇرتتىكى مىڭ ئۆي ۋە ئىمارەتلەر» ، «قەدىمقى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ماددى مەدەنىيىتى» ؛

**10 . لېگېتى(20 ـ ئەسىر ،ۋېنگرىيە) :**«ئاتىللانىڭ نەسەپنامىسى ۋە ھونلاردىكى تۇنگۇسنامە» ، «تۈرك تىلىنىڭ لوغەت فوند تارىخى» ؛

**11 . ك . بروكىلمان(20 ـ ئەسىر ،ۋېنگرىيە):** «قەدىمقى تۈركىستان ئېتنوگرافىيىسى» ، «مەھمۇد قەشقىرى باياندىكى11 ـ ئەسىردىكى تۈركى تىللار ۋە قەۋملەر» ؛

**12 . ۋ . گروست(20 ـ ئەسىر ،فرانسىيە) :** «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ؛

**13. جەيمز ھامىلتون(20 ـ ئەسىر ،ئامېرىكا):** «بەش دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» ، «ئىككى تىكىن ھېكايىسى ھەققىدە» ، «9 ـ ،10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى دۇنخۇاڭ تېكىستلىرى» ، «9 ـ ،10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت تۈركچە ـ سوغدىچە دۇنخۇاڭ تېكىستلىرى» ؛

**14 . ژان پولروكسى(20 ـ ئەسىر ، فرانسىيە):** «ئالتاي تىللىرىدىكى مىللەتلەردە سىرلىق ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر» ، «ئالتاي تىللىق مىللەتلەردىكى ئۆلۈم ـ يېتىم» ، «تۈرك ۋە مۇڭغۇل تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى» ؛

**15 . ج . كىلاۋسىن(20 ـ ئەسىر ،ئەنگلىيە) :** «تۈرك ۋە مۇڭغۇل تىللىرى تەتقىقاتى» ، «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركى تىللارنىڭ ئېتمولوگىيە لوغىتى» ؛

**16 . خ . ۋ . بىل(20 ـ ئەسىر ،ئەنگلىيە) :** «ئۇدۇن تېكىستلىرى» ؛

**17 . ك . سىزنگىلد(20 ـ ئەسىر ،ۋېنگرىيە):**«تۈركى تىللىق ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىدىكى بۆلۈنۈش» ، «كاۋكاز ھونلىرى ۋە ئاۋارلار» ، «قارلۇقلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى» ؛

**18 . د . سىنوز(20 ـ ئەسىر ،ۋېنگرىيە ،ئورال ـ ئالتاي ئىلمى جەمىيىتىنىڭ سابىق رە ـ ئىسى):** «تۈركچە بۇددا ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمى مۇندەرىجىسى» ، «5 ـ ئەسىردە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشلىرى» ، «ئوغۇزخان داستانى ھەققىدە» ، «تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى رولى» ؛

**19 . ن . ئىسىدۇ(20 ـ ئەسىر ،ۋېنگرىيە):**«790 ـ 791 ـ يىللىرىدىكى بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر ۋە تۇبۇتلەر» ؛

**20. بازىن(20 ـ ئەسىر ، فرانسىيە) :** « قەدىمقى تۈركلەردە كالىندارچىلىق» ؛

**21. چارلىزبولگىر (فرانسىيە):** «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى» ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**22.هاملتون**(ئەسلى ئامېرىكىلىق بولۇپ، 1974 ـ يىلى فرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ، **فرانسىيەلىك تارىخشۇناس) 1954** ـ يىلى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار » دىگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇردى. ئارقىدىن 1971 ـ يىلى ئۇ يەنە « دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىككى تېكىنىنىڭ ھىكايىسى » دىگەن ئەسىرى ئارقىلىق تۇرك ئەدەبىياتشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1983 ـ يىلى يەنە ئىككى توملۇق بۈيۈك ئەسىرى «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات » دىگەن ئەسىرى ئارقىلىق فرانسىيە دۆلەت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە مەخسۇس ئەسەرلەردىن باشقا يەنە نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى « توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات » دىگەن ئەسىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ـ شۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ ؛

**23.سامولىن(ئامېرىكىلىق ئالىم) :** 1964 ـ يىلى« 12 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى شەرقى تۈركىستان »؛ ئۇ بۇ ئەسىرىنى 1961 ـ يىلى يازغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى « تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۈركلىشىشى » دىگەن ئەسىرگە ئاساسەن يازغان بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ؛

**24.كوردىر:(**فرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس ) : ئۇنىڭ « جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى » دىگەن ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى تومىدا يۇتۇنلەي دىگۈدەك تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر تارىخى ؛

**25.گىرېئوسسېت:** (فرانسىيەلىك ئالىم ) : « يىراق شەرق تارىخى » ۋە « بوزقىر ئېمپېرىيىلىرى » ؛

**26.گۇبىل** (فرانسۇز): ئۇ ، 1739 ـ يىلى ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان « موڭغۇل تارىخى »ناملىق ئەسەرنى يازغان ؛

**27.دېگۇيگىنىس:**(فرانسۇز) « ھۇنلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە تەتقىقات»، تۆت توملۇق كاتتا ئەسەر« ھۇنلار، تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»

**28.كىلاپروت:**19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارىژدا نېمىس تىلىدىكى مەشھۇر ئەسىرى «ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقى ھەققىدە تەتقىقات »ى ئېلان قىلىندى.

## تۈركىيە

### (ئۇيغۇرجەمىيتىگەبىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىرلىدى)

**1.كازىمبېك ئەلى**(19 ـ ئەسىر،تۈركىيەدە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات ئىلىپ بارغان تەتقىقاتچى): «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» ؛

**2.ئەھمەت رىفات:**«تۈركى تىللار دىۋانى» (تۇنجى بولۇپ مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈركچە نوسخىسىنى چىقىرىپ، دىۋانشۇناسلىققا ئاساس سالغۇچى) ؛

**3.زەكى ۋەلىدى تۇغان**(20 ـ ئەسىر):«بىرونىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شىمالدىكى مىللەتلەر» ؛

**4. رەشىد رەھمەتى ئارات(20 ـ ئەسىر)** : «تۈرك تىلىدىكى تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمقى تۈرك قانۇن ۋەسىقىلىرى»، «قەدىمقى تۈرك شېئىرىيىتى» ؛

**5. رىشات گەنجى:**«قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ؛

**6. سىناش تېگىن:**«ئۇيغۇر يېزىغىدا يېزىلغان قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت يەر ھۆججەتلىرى» ؛

**7. ئەھمەت ئاتەش:**«فارابى ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى» ؛

**8. يۇسۇپ زىيا:** «11 ـ ،12 ـ ئەسىرلەردىكى قاراخانىلار ۋە ماۋەرائۇننەھىر ئىسلام ھوقۇقچىلىرى» ؛

**9. كۆپرۈلزاد مۇھەممەت فۇئاد** : «قاراخانىلار ياكى خاقانىيە دۆلىتى» ؛

**10 .خەلىل ئىنالچىق:** «قۇتادغۇ بىلىكتە تۈركى ۋە ئىران يۇرتدار ـ چىلىق نەزىرىيىسى ۋەئەنئەنىلىرى» ؛

**11. ئىبراھىم كافەس** : «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدىنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» ؛

## مۇھىم قوشۇمچە :

## خەلقارادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى ئىلمىي ئورگانلار

1. ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۇتۇپخانىسى
2. گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتىتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى
3. پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسى
4. ئەنگىلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى
5. روسىيەسان پېتىربورگ مۇزېيى
6. ياپۇنىيە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيى
7. شۋېتسىيە مىللى مۇزېيى
8. ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتىتى ئوتتورا ئاسىيا ئىلمى جەمىيىتى
9. ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتىتى ئاسىيا تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتى تۈركى تىللار تەتقىقات ئورنى
10. ئامېرىكا ھىندىئانا ئۇنىۋېرسىتىتى ئۇرال ـ ئالتايشۇناسلىق فاكولتېتى ئوتتورا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى
11. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتىتى كۇتۇپخانىسى
12. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى
13. تاشكەنت شەرقشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتى
14. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى «ئەبۇرەيھان بىرونى» شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى

بەزى كونكرېت مەسىلىلەرگە ئائىت تېخىمۇ تەپسىلى ئۇچۇر ئىگەللىمەكچى بولغان قېرىنداشلار ھۆرمەتلىك ياۋۇز ئەپەندىمنىڭ تۆۋەندىكى تېمىلىرىنى زىيارەت قىلغايسىلەر:

«غەرب ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=401)

«ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى»

(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=226)

تۇرانتىكىن:«گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى»

(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=59)

مانا شۇنداق .

ئەمدى بىز ئوبدانراق ئويلۇنۇپ كۆرەيلى ، بۇ ئىنكاس ۋە قىسقا بايانلار زادى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى ۋە كاتتا شان ـ شەرىپىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىمامدۇ ؟

زادى ، ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ مانا شۇنداق يۈكسەك ئىنسانىي خارەكتېرىنىڭ رۇشەن ئىپادىلىنىشىگە ئىمكان بېرىدىغان ئاجايىپ مۆكەممەل ۋە گۈزەل تىل ـ يېزىق ئىقتىدارى بولمىغان بولسا دۇنيا ئالىملىرىنىڭ شۇنچىۋالا دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىيالىشى ، بەلكى يۈكسەك مەدھىيە تۇسىنى ئالغان قىممەتلىك باھالىرى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنمىدى ؟

زادى ، ئەگەر ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز يۈكسەك قابىلىـ ـيىتىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇش ئىمكانلىرىغا داۋاملىق ئىگە بولغان بولسا مائارىپ ، مەدەنىيەت ، پەن ـ تېخنىكا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە باشقا سا ھەلەردە ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشماسلىقى مۇمكىنمىدى ؟

زادى ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىغا بېرىلگەندەك مانا شۇنداق يۈكسەك مەدھىيىۋى باھالار يەنە قايسى مىللەت ۋە قايسى تىل ـ يېزىققا بېرىلگەن ؟؟؟

بارمۇ ؟؟؟!!!

تارىخ شاھىتكى ، يوق ، يوق ، يوق !!!!!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى يېتەرلىك ھالدا تونۇپ يېتىلىشى، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ قارىغۇلارچە سۆزلەشتىن ۋە ھەتتا تۆھمەت چاپلاشتىن قاتتىق نومۇس قىلىشى كېرەك ، ئەلۋەتتە .

## 2 . ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىپادىلەش كۈچى توغرىسىدا

مەلۇمكى ، يېزىق ــ تىلنى خاتىرلەشنىڭ ئۈنۈملۈك قۇرالى ۋە ناھايىتى ياخشى ۋاستىسىدۇر .

ئەمدى بەزى خەتلىرنىڭ يېڭى ـ كونا شەكلىنى كۆرۈپ قويۇڭ:

## 新旧字形对照举例

（字形后的数码是画数）

| 新笔形 | 旧笔形 | 新形体举例字 | 新笔形 | 旧笔形 | 新形体举例字 | 新笔形 | 旧笔形 | 新形体举例字 | 新笔形 | 旧笔形 | 新形体举例字 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 八② | 儿② | 麦空詹甚 | 丑④ | 丑④ | 纽 | 羽⑥ | 羽⑥ | 翔翟 | 骨⑨ | 骨⑩ | 滑 |
| 丷② | 八② | 酋首南卷 | 卉⑤ | 卉⑥ | 奔 | 糸⑥ | 糸⑥ | 紅絲 | 卸⑨ | 卸⑧ | 御 |
| ⺈② | 刀② | 负陷 | 术⑤ | 朮⑤ | 怵麻 | 吴⑦ | 吳⑦ | 娱 | 鬼⑨ | 鬼⑩ | 槐 |
| 了② | 丂② | 亟函 | 犮⑤ | 犮⑤ | 拔 | 角⑦ | 角⑦ | 解 | 俞⑨ | 俞⑨ | 瑜 |
| 亏③ | 亏③ | 污 | 业⑤ | 业⑥ | 普虚 | 奂⑦ | 奐⑨ | 换 | 类⑨ | 類⑩ | （類） |
| 卄③ | 艹④ | 花 | 冉⑤ | 冉⑤ | 再篝 | 免⑦ | 免⑧ | 挽冤 | 蚤⑨ | 蚤⑩ | 搔 |
| 及③ | 及④ | 吸 | 印⑤ | 印⑥ | 茚 | 耳⑦ | 耳⑧ | 敢 | 敖⑩ | 敖⑩ | 傲 |
| 辶③ | 辶④ | 近 | 令⑤ | 令⑤ | 冷 | 矣⑦ | 矣⑧ | 侯 | 華⑩ | 華⑫ | 嘩 |
| 彐③ | 彐③ | 侵雪 | 艮⑤ | 皀⑦ | 即 | 非⑧ | 非⑧ | 排 | 莽⑩ | 莽⑫ | 蟒 |
| 刃③ | 刄③ | 仞 | 耒⑥ | 耒⑥ | 耕 | 青⑧ | 青⑧ | 清 | 晋⑩ | 晉⑩ | 缙 |
| 丰④ | 丰④ | 害艳 | 灰⑥ | 灰⑥ | 炭 | 者⑧ | 者⑨ | 都 | 䍃⑩ | 䍃⑩ | 摇 |
| 开④ | 幵⑥ | 形笄 | 吕⑥ | 呂⑦ | 侣 | 直⑧ | 直⑧ | 值 | 衮⑩ | 袞⑪ | 滚 |
| 巨④ | 巨⑤ | 苣 | 攸⑥ | 攸⑦ | 修 | 疌⑧ | 疌⑨ | 捷 | 隺⑩ | 寉⑪ | 榷 |
| 屯④ | 屯④ | 顿 | 杀⑥ | 殺⑦ | 铩 | 黾⑧ | 黽⑧ | 绳 | 黄⑪ | 黃⑫ | 横 |
| 瓦④ | 瓦⑤ | 瓶 | 争⑥ | 爭⑧ | 净 | 咼⑧ | 咼⑨ | 涡 | 異⑪ | 異⑫ | 冀 |
| 禸④ | 禸⑤ | 离禽 | 产⑥ | 產⑥ | 彦铲 | 垂⑧ | 垂⑨ | 睡 | 象⑪ | 象⑫ | 橡 |
| 反④ | 反④ | 板 | 并⑥ | 幷⑧ | 拼 | 食⑧ | 食⑨ | 飯 | 奥⑫ | 奧⑬ | 澳 |
| 户④ | 戶④ | 扁 | 差⑥ | 羊⑦ | 差养 | 录⑧ | 彔⑧ | 碌 | 虜⑬ | 虜⑬ | 擄 |
| 礻④ | 示⑤ | 礼 | 良⑥ | 良⑦ | 郎 | 昷⑨ | 𥁕⑩ | 温 | 𡨄⑭ | 𡨄⑮ | 噻 |

مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى ، ختاي تىلىدا لۇغەتتىن پايدىلىنىش ـ خەت تېپىش شۇ قەدەر مۇشكۇل ، شۇ قەدەر ۋاخت ئىسراپچىلىقى ۋە شۇ قەدەر ئېغىر روھى ھارغىنلىق پەيدا بولىدۇ ۋە ھەتتا كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ !

(10) ئۇيغۇر تىلىدا كومپيۇتېر ئارقىلىق خەتنى بىۋاستە تېز ـ تېز يازغىلى ۋە يوللىغىلى، شۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاختتا تېز ئۇچۇر يوللاش ، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش مەخسىدىگە تامامەن يەتكىلى بولىدۇ .

ئەمما **ئىنگلىز تىلىدا:**

يازغان بىلەن ئوقۇلمايدىغان زىيادە ھەرپلەر ۋە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا داۋاملىشىپ كېتىدىغان سۆز ـ جۈملىلەر بارلىقى سەۋەپلىك، سۈرئەتتە بىزگە يېتىشەلمەيدۇ.

**ختاي تىلىدا:**

بۇ مەشغۇلات تېخمۇ كۆپ ۋاقت ئىسراپچىلىقى بىلەن تاماملىنىدۇ. مەسىلەن:

شۇ تاپتا يېزىلىدىغان خەت « ئۇۋا »(窝) .

بۇ خەتنى يېزىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ خەتنىڭ لاتىنچە شەكلى«wo» نى يازىمىز . ئاندىن بوشلۇق كونۇپكىسى ياكى قايتۇرۇش كونۇپكىسىنى باسساق «wo» بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇۋەندىكىدەك خەتلەر كۆزنىگى چىقىدۇ.




بىز شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىشلىتىدىغان خىتىمىزنى تاپالىساق ، ئۇ خەتنى ئىشارەتلەپ بوشلۇق كونۇپكىسىنى بېسىۋېتىمىز . ئەگەر تاپالمىساق ئوڭ تەرەپتىكى ▼ گە ئوخشاپ كېتىدىغان قىنىق ئۈچ بۇرجەك شەكلىنى چاشقىنەك بىلەن بېسىۋەتسەك يەنە يېڭى خەتلەر كۆزنىگى پەيدا بولىدۇ. ئەمدى كېرەكلىك خەتنى ئۇ يەردىن ئىزدەيمىز ۋە تاپالىساق ئىشارەتلەيمىز. تاپالمىساق يەنە ▼ نى بېسىۋېتىپ يېڭى چىققان كۆزنەكتىن ئىزدەيمىز.

دىمەك ، خىتايچە خەت مانا شۇنداق ئاۋارىچىلىق ۋە ۋاخت ئىسراپچىلىغى بىلەن يېزىلىدۇ !!! ھەرگىزمۇ ئېلىپبەلىك يېزىق سىستېمىسىنى قوللانغان تىللاردىكىدەك بىراقلا خالىغان خەتنى بىرلا قېتىمدا يېزىپ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس !!!

(11) ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلغان سۆزلەملەردە ھەرپلەرنىڭ كۆرىنىشى شالاڭ بولغانلىقتىن كۆزگە راھەتلىك، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

سلاۋىيان ياكى لاتىن يېزىقلىرىدىكى ھەرپلەر ئاساسەن كىۋادرات شەكىللىك بولغانلىغى، بولۇپمۇ خىتاي يېزىغى قويۇق ۋە كۆپ سىزىقلىق بولغانلىغى سەۋەپلىك ئارتۇقچە چارچاش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ.

(12) ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلغان سۆزلەملەردە ھەرپلەرنىڭ كۆرىنىشى شالاڭ بولغانلىقتىن ، لاتىن، سلاۋىيان بولۇپمۇ خىتاي يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدىغان ئوخشاش ھەجىمدىكى 1000 پارچە كىتاپقا سەرىپ قىلىنغان بوياق ماددىسى بىلەن ئوخشاش ھەجىمدىكى ئۇيغۇرچە كىتاپتىن 3000 پارچە باسقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىنىڭ يەنە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بار......

## 2 . 2 ـ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى توغرىسىدا

تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى مەسلىسى — تىلنى قوللانغۇچى مىللەتنىڭ بىرەر سۆز ـ ئاتالغۇنى توغرا ـ دۇرۇست تەلەپپۇز قىلىپ ، ئىپادىلەيدىغان مەنىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئاڭلىتىش ـ يەتكۈزۈش ئىقتىدارى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇش بىلەن بىللە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ، يارىلىش ـ ئۆلۈش ئارىلىغىدىكى پۈتكۈل تۇرمۇش ۋە تەرەققىيات ساھەسىدىكى ئېھتىياجلىرىغا ، ــ دىنىي ئېتىقات ، پەن ـ تېخنىكا ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، سىياسەت ، ئىقتىسات ، دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى ، ئارمىيە ، .... ئومۇمەن ھەممە تەرەپكە مۇناسىپ تەپەككۇر ، ئىخترا ۋە باشقا ئەمەلىي پائالىيەت جەريانى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسلىدۇر . چۈنكى ، ھەرقانداق ساھە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق تەپەككۇر ، ئىخترا ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ئىنكاسلىرى ئالدى بىلەن تىل ـ يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . شۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەپەككۇرى كۈچلۈك ، ئىختىرا قىلىش قابىلىيىتى يۇكسەك ، پاراسەتچانلىقى جانلىقلىقا ئىگە بولىدىكەن ، تىل - يېزىقنىڭ ماس ھالدا ئىپادىلەش ئىقتىدارىمۇ ئالاھىدە مۇكەممەل بولغان بولىدۇ ھەم شۇنداق بولىشىمۇ كېرەك . مۇشۇنداق مىللەتلا ، مۇقەررەركى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسچىسى ، باشلامچىسى ۋە يېتەكچىسى بولالايدۇ ، ئەلۋەتتە !

ماقالىنىڭ بىرىنچى بۆلىمىدە تىزىمى بېرىلگەن تەتقىقاتچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك باھالىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى - يېزىقىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى ئۆزگە خاس قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بۇ جەھەتتە خېلىلا يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ، ئەلۋەتتە ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە يۇكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە شۇڭا بۇ تىلنى قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك بارلىقىنى تەھقىقلىگىلىمۇ بولىدۇ (!؟)

ئەمدى مەن ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىكى يۇقارقىدەك ئارتۇقچىلىقىنى يانىمۇ تولۇقلاپ، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نوقتا بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ، زادى مۇشۇ دۇنيادا بۇ تىلنى قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك بارلىقىنى يانىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ ئۆتمەكچىمەن .

## 1) سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ ئەدەبىي، ئىلمىي - پەن تېخنىكا ئىجادىيەتلىرى ساھەسىدىكى ئاجايىپ يۇكسەك ئىپادىلەش ئىقتىدارى توغرىسىدا

(1) ئۇيغۇر تىلى - يېزىقى ھەر قايسى قەدىمىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى، يازغۇچى ، شائىرلىرى ۋە باشقا مەرىپەتپەرۋەرلىرىنىڭ ھەرقانداق مەزمۇندىكى ئىلمىي ئەسەرلىرى ئۈچۈن كاتتا تايانچلىق رولىنى ئويناپ ئالەمشۇمۇل شاھانە ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئاشۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ زامانىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنالىشىغىمۇ نۇرلۇق چىراق ۋە يېڭى زامان ئىلىم ئەرباپلىرىمىزنىڭ پارلاق مەرىپەت بۆلىگى بولۇپ كەلدى. مەسىلەن: « دىۋانى ئەرشى» (خوجا جاھان ئەرشى)،«ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ئەخمەت بىننى مەخمۇد يۈكنەكى)، «غازات دەر مۈلكى چىن» (موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ ‹نازىمى›)، «تەۋارىخى مۇسقىييۇن» (موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى)،«تەزكىرەئى ئەزىزان» (مۇھەممەد سادىق قەشقىرى)، «تۈرپان ۋەسىقىلىرى (ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر)»(نەجىبە ئەمىن)،«زۇبدەتۇل ئەخبار (خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى)» (ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن شىبىرى)، «گۈل ۋە نەۋرۇز» (لۇتفى)، نەۋائى ئەسەرلىرى، «قۇتادغۇبىلىگ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)،«تۈركىي تىللار دىۋانى»(مەھمۇت قەشقەرى) قاتارلىقلار.

ئەمدى ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىمىزنىڭكى بىلەن قوشۇپ تېخىمۇ تولۇقلاپ كۆرسەتسەك، تۆۋەندىكى شاھانە ئەسەرلىرىمىزمۇ بار:

« تارىخى ئەمنىيە»،« تارىخى رەشىدىي »،« ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈلتاجى، جەۋھىرى — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»،« باياۋاندىكى گۈلخان »،« بەدۆلەت »،« بۆرە ئانا »،« بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار »،« جاللات خېنىم »،« سەھھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى »،« ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت »،« قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تارىخىي ئەسەر — «ھۇدۇدۇلئالەم»»،« ئىگەرلىك ئات »،« ئىلى دولقۇنلىرى »،««مۇنبەر» — ئىسلام پەلسەپە تارىخى،

2004 ـ يىللىق ئالاھىدە توپلام»،« ئىز »،« كەللە ۋە دىمىنە »،« لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى »،« مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھايات شەجەرىسى»،«ئوغۇزنامە»،«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ قىسقىچە تارىخى»،«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، «قابۇسنامە»، «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»،« تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ »،« ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى »،« تەڭرى قامچىسى — ئاتتىلا »،« ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى »،« تۆت خەلىپە »،« تۇمارىس »،« ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى »،« ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار »،« ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »،« خوتەندىكى قەدىمكى ئىزلار »،« زەپەرنامە »،« ئابدۇقادىر داموللام »،« ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى توپلىمى »،« ئانا يۇرت»، « بالدۇر ئويغانغان ئادەم »،« بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت »،« چالا تەگكەن ئوق »،« دېھقان بولماق تەس »،« گۈلستان »،« ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (ئالىي پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرسلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى دەرسلىكى)»،« ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى »،« مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن (ئىككى تىل مۇنازىرىسى)»،« ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى »،« نىمشېھىت ئەسەرلىرى »،« نوبېلنىڭ ۋەتىنىدىن تارىم ئويمانلىقىغا بىر نەزەر »،« ئويغانغان زېمىن »،« قاينام ئۆركىشى »،« قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى »،« قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما »،« قەشقەرىيە »،« قىزلارغا **100** نەسىھەت »،« قۇم باسقان شەھەر »،« سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى »،« ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنى تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا »،« يەتتە قىزلىرىم »،« يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا »،« ئابدۇخالىق ئۇيغۇر »،« شەرقنىڭ كۆزى — فارابى ھەققىدە ھېكايە »،« مۇسا جارۇللاھ (**1875** ـ **1949** ـ يىللار)»،« سابىت داموللامنىڭ تارىخى »،« سادىر پالۋان »،« ئىنسانىيەت ئىسلام مەدەنىيىتىگە موھتاج »،« ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى »،« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى »،« ئىزباسار تۆت خەلىپە »،« ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مۇھىم ئەمەللىرى »،« قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرى ـــ ئۆمەر چىلىك »،« قۇرئان كەرىم تەپسىرى «ئىبنى كەسىر»»،«ئىسلام ـــ ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئوتتۇرىسىدا (ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىغۋالارغا رەددىيە)»،« مەشھۇر ئۆلىمالارنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا»،« مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى »،« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى »،« ئىسلامدا ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى »،« مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى »،« ناخشىچىلىقتىن دەۋەتچىلىككىچە «يۇسۇف ئىسلام»»،« قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلىرى»،«قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن تەپسىرى»،«ھەرەم خۇتبىلىرى «سەيىيد ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدى»،«ئىماننىڭ ئاساسلىرى»،« خاتىرجەملىك يولى »، « ئىسلام ئىقتىسادشۇناسلىقى ھەققىدە تەتقىقات »،« قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرى »،« ياخشىلار باغچىسى »،« ئاللاھنىڭ دىنىدا ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش »،« ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى »،« ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»،«ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى»،« ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام »،«ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى تارىخى»،«جەننەت يولى»،«مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى»،«ناماز ھەققىدە ساۋات»،« پەيـ ـغەمبىرىمىزنىڭ ۋەسىيىتى»،« ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم »،« ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار »،« روزا »،« سېلىشتۇرما دىنلار تارىخى »،« پەيغەمبەر تىبابىتى »،« سۈرە ياسىن تەپسىرى »،« قۇرئان كەرىم ھەققەت »،« پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنى ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ »،« سوراڭ، قۇرئان كەرىم جاۋاب بېرىدۇ »،« ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ئوبرازى »،« ئىسلامىيەتتىكى ئاياللار ۋە **21** ـ ئەسىردىكى خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرى »،« رەھمەت شاماللىرى ۋە قۇرئان مۆجىزىلىرى »،«

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسلام، ئىمان، ئىبادەت »، « ئەممە پارە تەپسىرى »، « قۇرئان سۈرىسى تەپسىرى »، « مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى »، « ئىسلامدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش قىلمىشلىرى » ........

(2) ئەمدى شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەنكى، ئۆز سۆزىنى قىسقارتماقچى ۋە پىكرىگە چوڭقۇر مەنا ، كۈچلۈك تەسىرات سىڭدۈرمەكچى بولغان كىشى مۇۋاپىق ھالدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلىتىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر نۇتقىمىزغا چىۋەرلىك، چېچەنلىك بېغىشلايدۇ.

سۆزمەنلىككە ھېرىس، تىل جەھەتتىكى پاساھەت ـ بالاغەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تىلىنىڭ ماقال ـ تەمسىللەرگە ئىنتايىن باي ۋە ئۇنى قوللىنىشقا ماھىر ئىكەنلىكى بىلەن ماختىنىشقا لايىقتۇر. خەلقىمىز نۇتقىي مەخسەتنى دەل ئىزھار قىلىش، تەقلىد، تەمسىل ۋاستىسى بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئېھتىياجى سەۋەبلىك، ماقال ـ تەمسىللەرنى جانلىق ۋە تەسىرلىك قوللىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن خەلقنىڭ ئاغزاكى تىلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ۋە خەلقنىڭ ئاغزىدا تىلىمىزنىڭ ئېسىل جەۋھىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر پۈتمەس ـ تۈگمەستۇر.

بۇ جەھەتتە ھۆرمەتلىك مەمتىلى سايىت ئەپەندىم توپلاپ رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نى ۋەكىللىك ئەسەر سۈپىتىدە كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ.

(3)سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىقىمىز زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنىڭ خەلقئارالىق ئۇچۇر ـ ئالاقە ۋە ئىلمىي مۇئامىلە ، ئىلمىي تەتقىقات ۋاستىسى بولغان كومپيۇتېرشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى سۈرئەت ۋە كاتتا ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتلەر بىلەن ئىلگىرلەش ۋەزىيىتىنى يارىتىشتىمۇ كاتتا تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

بۇ يەردە قىسقىچە كۆرۈپ ئۆتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر سوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھۆرمەتلىك ئالىم ئەھەت ئەپەندىم گەرچە ماتېماتىكا مۇئەللىمى بولغان بولسىمۇ ، ئەملىيەتتە ئۆزىگە مۇتلەق ناتونۇش بولغان تىلشۇناسلىقتىن ئىبارەت «سىرلىق» كەسپكە ئاالاقىدار مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ئۆتكەلنى جەسۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ تاشلاپ ، ئۇيغۇر ئىلىم ئەھللىرىگە كاتتا ئىلمىي نەتىجىلەرنى تەقدىم قىلدى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كومپيۇتېر لۇغەتلىرى بۇنىڭ قىسقىچە مىسالى. ئۇلاردىن سىرت، «ئەل كاتىپ»، «ئەل كوررېكتورى»... نامىلىرى بىلەن نۇرغۇن قىممەتلىك يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەپ چىقىپ ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىلىم دۇنياسى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنىڭ گۈزەل مەيزاننى كۆتۈۋالدى، ئۇيغۇر تىلى يېزىغىنىڭ سېھرىي كۈچىنى كاتتا نامايان قىلىشنىڭ جەڭ ساداسى تەنتەنە بىلەن ياڭراشقا باشلىدى. «يۇقىرى ئىقتىدار، ئاقلانە ئىستىمال!» نىڭ شانلىق ناماياندىسى بولغان «مۇئەللىم «تىلچى» سىزىمچان رەڭلىك ئېكرانلىق ئېلېكترون لۇغەت(M900) بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.




## مۇئەللىم «تىلچى» سىزىمچان رەڭلىك ئېكرانلىق ئېلېكترون لۇغەت(M900) يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئاقىلانە ئىستېمال!




ئەمدى ئۇيغۇر كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ كېڭىيىش، ئومۇملىشىشى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر تور دۇنياسىغا بىر نەزەر سېلىپ باقايلى: .......

## ئۇيغۇر تور بەتلىرىنىڭ تىزىملىكى

### بۇ ئۇچۇن تۆۋەندىكى تور بەتلەرنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ:

http://www.7k77.cn        www.uywww.cn     http://www.ulinix.com

بۇ تور بەتلەرنى زىيارەت قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئومۇمىي تور بەت سانى 5000 دىن ئارتۇق بولۇش بىلەن  ئۇيغۇر توربەتچىلىكىنىڭ نەقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى، زادى مۇشۇ دۇنيادا ئۇيغۇر تورلىرىدا بىلىشكە كەم قالغان ساھەلەرنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ!!!

## 2) سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ تەرجىمە ساھەسىدىكى ئاجايىپ يۈكسەك ئىپادىلەش ئىقتىدارى توغرىسىدا

ناھايىتى رۇشەنكى، تەرجىمە ئىشى بىر تىلدىكى مەلۇم بىر ئەسەرنى باشقا بىر تىلدا ئىپادىلەش مەسىلىسى بولۇپ ، ئەگەر تەرجىماننىڭ سەۋىيىسى ۋە ئۇ قوللىنىۋاتقان تىل ـ يېزىقنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئالاھىدە يۈكسەك بولمايدىكەن ، تەرجىمە قىلماقچى بولغان ئەسەرنى ئەسلى مەناسىغا ئۇيغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالەتتە مۇكەممەل تەرجىمە قىلىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس . بىزنىڭ تەرجىمانلىرىمىز بولسا بۇ ساھەدىمۇ ئاجايىپ قابىلىيەتلىك ئىلىم ئەھللىرىدىن بولۇپ ، سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ تەرجىمىچىلىكتىكى پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئاجايىپ يۈكسەك ئەدەبىي ، مەنتىقى ۋە لوگىكىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەن ، تەرجىمە ساھەسىدە ھەر قانداق كىشىنى « ئاپىرىن ! » دېگۈزمەي قالمايدۇ .

ئەمىسە كۆرۈپ باقايلى :

(1) ھەممىگە مەلۇمكى ، ئىككىلا دۇنيالىقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادەت ئىشىگىنى ئاچقۇچى ئۇلۇغ قۇرئانى كەرىمنى جەنابىي ئاللاھ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى ئاساسىدا چۈشۈرگەن ، مەلۇم بولغىنىدەك ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەپ مىللىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئانى كەرىم ئەرەپ تىلىدا نازىل قىلىنغان .

ئەمدى ، مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان زور ۋە زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە شۇ ۋەجىدىن ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا قۇرئاندىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەدىس ـ شەرىپلەرمۇ دەل ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان .

ناھايىتى رۇشەنكى، « ھەرقانداق بىر تىلنىڭ يەنە بىر تىل بىلەن سىتىلىستىك ئۆزگىچىلىك جەھەتتە ئوپ ـ ئوخشاش ۋە باپ ـ باراۋەر بولۇپ كېتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگى ئېتىراپ قىلىنغان تەقدىردە، ئەرەپ تىلىدا بارلىققا كەلگەن پەلسەپىۋىي تەلىماتلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان تىل ئەڭ ئالدى بىلەن پەقەت ئەرەب تىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.»

مانا شۇنداق بولىشىغا قارىماي ، بىز قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىشنىڭ مۇكەممەل مۇمكىنچىلىگىگە ئۆز تىلىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى بويىچە تولۇق ئېرىشەلىدۇق . ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى سەمەرىلىك نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز خەلقىنى خەلقئارالىق سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققان دىنشۇناس ، قۇرئانشۇناس تەتقىقاتچى ، ئالىم ، كاتتا داموللام مۇھەممەت سالىھ ھاجىم بۇ جەھەتتە بۈيۈك خىزمەتلەرنى كۆرسىتىش بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تەرجىمە شۇناسلىقىنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى ئەمەلىي نامايان قىلدى ! جەنابىي ئاللاھ بۇ مۆھتەرەم مۇبارەك زاتقا فىردەۋس جەننىتىنى ئاتا قىلغاي ، ئامىن !

قېنى ئەمىسە ، تۆۋەندىكى ئايەتنى كىرىمنىڭ ئۇيغۇرچە ، تۈركچە ، ئىنگلىزچە ۋە خىتايچە سېلىشتۇرمىسىنى كۆرۈپ باقايلى :

## 79 ـ سۈرە « نازىئات » تىن ئارىيە ئايەتلەر :

وَالنَّازِعَاتِ غَرْقًا ﴿١﴾

(كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى ) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتەلەر بىلەن قەسەمكى ،

Tâ derinden acıyla söküp çıkaranlara and olsun ,

By the (angels) who tear out (the souls of the wicked) with violence;

誓以急掣的，

وَالنَّاشِطَاتِ نَشْطًا﴿٢﴾

(مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتەلەر بىلەن قەسەمكى ،

Ve hafifçe  dokunup yavaşça cıkaranlara ,

By those who gently draw out (the souls of the blessed);　轻曳的，

وَالسَّابِحَاتِ سَبْحًا﴿٣﴾

(ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتەلەر بىلەن قەسەمكى ،

Ve yüzüp yüzüp gidenlere ,

And by those who glide along (on errands of mercy),　 奔驰的，

فَالسَّابِقَاتِ سَبْقًا﴿٤﴾

(مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە) ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتەلەر بىلەن قەسەمكى ،

Emirleri , yarış  edercesine hızlıca yerine getirenlere ,

Then press forward as in a race,　 先驱的，

فَالْمُدَبِّرَاتِ أَمْرًا﴿٥﴾

(ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتەلەر بىلەن قەسەمكى ، ( سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر ، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ . )

Dünyanın işlerini bir düzen içinde evirip çevirenlere ,

Then arrange to do (the Commands of their Lord),　决策的，

يَوْمَ تَرْجُفُ الرَّاجِفَةُ ﴿٦﴾

بۇ كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى ) دە زېمىن ( ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ ) تەۋرەيدۇ .

O sarsıntının sarsacağı gün ,

One Day everything that can be in commotion will be in violent commotion, 当震动者震动，

تَتْبَعُهَا الرَّادِفَةُ﴿٧﴾

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان ( ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ ) تەۋرەيدۇ .

Onu ikinci bir sarsıntı takıp edecek .

Followed by oft-repeated (commotions):

而续发者续发之日，

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قُلُوبٌ يَوْمَئِذٍ وَاجِفَةٌ ﴿٨﴾

بۇ كۈندە دىللارنى ( كۇففارلارنىڭ دىللىرىنى) قورقۇنچ باسىدۇ .

O gün kalbler kaygı ile çarpacak ,

Hearts that Day will be in agitation; 在那日，许多心将忐忑不安 ，

أَبْصَارُهَا خَاشِعَةٌ ﴿٩﴾

شۇ ( دىللارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ) كۆزلىرى (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ .

Gözler de korku içinde öne eğilicek !

Cast down will be (their owners') eyes. 许多眼将不敢仰视。

يَقُولُونَ أَئِنَّا لَمَرْدُودُونَ فِي الْحَافِرَةِ ﴿١٠﴾

ئۇلار ئېيتىدۇ : « راستلا بىز ئەۋۋەلقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق ؟ ( يەنى ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇق ؟)

İnkarcılar da soruyorlar : “ Biz gerçekten eski halimize mi döndürülüceğiz ?

They say (now): "What! shall we indeed be returned to (our) former state?

他们说：“我们必定复原吗？

أَئِذَا كُنَّا عِظَامًا نَّخِرَةً ﴿١١﴾

ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاختىمىز ئەمەسمۇ ؟»

Ufalanmış kemikler olduğumuz vakit ha ?”

"What! - when we shall have become rotten bones?"

那是在我们已变成朽骨的时候吗？”

قَالُوا تِلْكَ إِذًا كَرَّةٌ خَاسِرَةٌ ﴿١٢﴾

ئۇلار ئېيتتى : « ئۇنداق بولىدىغان بولسا ، بۇ (يەنى ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ) زىيانلىق قايتىشتۇر ( يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان بولساق ، دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيان تارتقۇچىلارمىز )»

Yine “ O takdirde bu hüsranlı bir dönüştür!” diyorlar .

They say: "It would, in that case, be a return with loss!"

他们说：“然则，那是一次亏折的复原。”

فَإِنَّمَا هِيَ زَجْرَةٌ وَاحِدَةٌ ﴿١٣﴾ فَإِذَا هُم بِالسَّاهِرَةِ ﴿١٤﴾

بىر سەيھە ( يەنى ئىسراپىلنىڭ سۈر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ .

Oysa bu , sadece bir tek haykırıştır . Bir de bakarsın ki , uyanmışlar , hepsi yerin üstündedirler !
But verily, it will be but a single (Compelling) Cry, When, behold, they will be in the (full) awakening (to Judgment).
那只是一次吼声，他们忽然在地面之上。

مانا بۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ قەدىمىي كىلاسسىك ئەرەپ تىلى بىلەن نازىل قىلىنغان قۇرئان تەلىماتلىرىنى ھەقىدادىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەشتە كاتتا سېھرى كۈچىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى، دېمەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەت ـ بالاغەتتە ھەقىقەتەن ئالاھىدە يۈكسەك ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئەمما مەلۇمكى ، ئايەتنى كېيىنكى باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسى ، خۇسۇسەن خەن تىلىنىڭ راي ۋە مەنا خاسلىقىنى ئىپادىلەش كۈچى ، شۇنداقلا ئەدەبىي ، مەنتىقىلىق باغلاش كۈچى ھەددىدىن زىيادە زەيىپ ۋە نوقسان بولۇپ ، بىر خىل ئۆلۈك تەرجىمە دېيىشكە بولىدۇ !!!

بۇ جەھەتتە مونۇ سېلىشتۇرمىغىمۇ دىققەت قىلايلى:

يەنى ، ئۇيغۇرتىلىدىكى «بۇ قوغۇن ناھايىتى بەلەن» ، «بۇ قوغۇن ناھايىتى بەلەن ئىكەن» ، «بۇ قوغۇن ناھايىتى بەلەن چىقىپ قالدى» دېگەن جۈملىلەر خەنزۇ تىلىدا «这甜瓜很好» دېيىلىپ ؛ «ئۇ ئائىلىمىزنىڭ تەۋەررۈكى» ، «ئۇ ئائىلىمىزنىڭ تەۋەررۈكى ئىدى» دېگەن جۈملىلەر «那是我们家的宝» دېيىلىپ ، «بۇ ئۇنىڭ يۇرتى» ، «بۇ ئۇنىڭ يۇرتى ئىدى» ، «بۇ ئۇنىڭ يۇرتى ئىكەن» دېگەن جۈملىلەر «这是他的家乡» دېيىلىپ بولدى قىلىنىدۇ . ماھىيەتتە يۇقىرىدىكى ئۇيغۇرچە جۈملىلەر گراماتىكا ۋە مەنا جەھەتتە ناھايىتى رۇشەن ۋە ئىنچىكە پەرقلىنىدۇ . ئەمما بۇ پەرقلەر خىتاي تىلىدا ئىپادىلەنمىگەن . ئەگەر ئىپادىلىگىنىنى بىلمەكچى بولساق ، شۇ جۈملىنىڭ ئالدى كەينىدىكى جۈملىلەرگىمۇ قاراپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ .

سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچە پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى مانا شۇنداق ئاجايىپ يۈكسەكلىكى سەۋەبلىك ئۆلۈق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىمنى راۋۇرۇس چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىغا ئىگە قىلغانلىقى ئۈچۈن قانچىلىغان شائىر ، يازغۇچىلىرىمىز ناھايىتى قىممەتلىك گۆھەردەك جۇلالىغان تەسىرات ئۈنچىلىرىنى نەزمىي ۋە نەسرىي قۇرلارغا مارجاندەك تىزىپ چىقىپ زاماندىشلىرىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىز ئۈچۈن سەمەرىلىك تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە قەغەز يۈزىگە گۈل چەكمەكتە.....

(2) ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىغى ئىككى تىللىق، ئۈچ تىللىق ھەتتا بەش تىللىق ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ تىللىق لۇغەت قامۇسلارنى تۈزۈشتىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەش كۈچىنى نامايان قىلىش بىلەن كاتتا ئىلمىي قىممىتىنى راۋۇرۇس تۇنۇتۇپ كەلمەكتە. بۇ يەنە تەرجىمەشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار يېزىق قوللۇنۇشقا باشلىغان ئاشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپ ( قۇربان ۋەلى ئەپەندىمنىڭ تەتقىقاتىچە« ملادى 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ ...» دېيىلگەن. بۇنى چۈشەنگەندە ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك...!) پەيدىن ـ پەي مەكتەپ مائارىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى باشلىغان. بىرلا ۋاقىتتا باشقا تىللار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنغان لۇغەتلەرنى تۈزگەندەك بىلىم ـ ئىقتىدارغا ئېرىشىپ، لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللۇنۇپ، مىللەتلەر ئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجىلەرنى ياراتقان. مەسىلەن، 1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدىن تېپىلغان قەدىمقى خىتايچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرنىڭ 11 پارچە كەمتۈك ۋارىقى ۋە تۇيۇتچە (قەدىمقى تىبەتچە) ئەسەر پارچىلىرى بۇ جەھەتتىكى تۇنجى مىۋىدۇر. بۇلار مىلادى 9 ـ ئەسىردە ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايچىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرىلا كاتتا نەتىجىلەرنى قازانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى مىلادى 11 ـ ئەسىردە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئىسلام دىنى شارائىتىدا تۈزۈپ چىققان نادىر ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنى شارائىتىدا تۈزۈلۈپ چىققان لۇغەتلەرنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بولسا ئۇلۇغ ئالىم ، مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارىنىڭ مېۋىسى، 10 ـ 12 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن قاراخانىلارنىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادىي ۋە يۈكسەك مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى، مۇكەممەل قامۇس، ئېنسىكلوپېدىيە، ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە قىممەتلىك بايلىقىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋۇجۇتقا كەلدى. مەلۇم بولىشىچە، مەھمۇت قەشقەرى بۇ كاتتا شاھ ئەسەرنى يېزىشتا، سۆزلۈككە شۇنداق باي بولغان ۋە بىر سۆزنىڭ ئالىلقانچە تۈسلىرى بولغان ئەرەپ تىلىمۇ «تۈركىي تىللار»دىكى پىئىل دەرىجىلىرىنى ئىزاھلاشقاندا يېتىشسىزلىك قىلغان. شۇڭا مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەرەپ تىلى گرامماتىكىسىنىڭ ئاتالغۇلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئەرەپ تىلى گرامماتىكىسىدا بولمىغان قائىدە ۋە ناملارنى ياساشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى كاتتا تايانچىلىق رولىنى ئوينىغانكى، مەھمۇت قەشقەرى كىتاۋىنى ناھايىتى مۇۋاپپىقىيەتلىك يېزىپ تاماملىيالىغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەت ـ بالاغەتتىكى كاتتا ئىلمىي قىممىتىنى پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلىغان .

بۇ لۇغەت تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى تىلى ، تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنى ئۆگىنىش ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىن تارتىپ تاكى يېزا ئېگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، دۇرىگەرلىك، مېتالچىلىق، بىناكارلىق، ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى قاتارلىقلارغىچە بولغان ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا تەڭدىشى يوق ھۆججەت ۋە كىلاسسىك شاھ ئەسەر بولۇپ كەلمەكتە.

مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەسىرىدە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، سۆزلۈككە شۇنداق باي بولغان ۋە بىر سۆزنىڭ ئالىلقانچە تۈسلىرى بولغان ئەرەپ تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان .

مانا شۇنداق قىممەتلىك سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ياۋرۇپادا 19 ـ ئەسىردە باشلانغان بولسا ، بىزدە 9 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا باشلىنىپ بولغان. جۈملىدىن مەھمۇت قەشقىرى پۈتكۈل شەرق ئەللىرىدىكىلەرگە ئۈلگە، ئۇيغۇر خەلقىگە شان ـ شەرەپ تاجى بولۇپ، بۇ ئىلىمنى 11 ـ ئەسىردىلا يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرگەن. ئاندىن، چاغاتاي خانلار زامانىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان ئاتاغلىق تىلشۇناس، تونۇلغان مۇرەتتەب قارى جامال قارشى (1203 ـ 1231 ـ يىللىرى ئۆز زامانىسىدىكى چاغاتاي

خاندانلىغىنىڭ مەركەزى ئالمىلىق (ھازىرقى ئىلى ئەتراپى) دا تۈزۈلگەن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان قامۇس خارەكتېرلىك كاتتا ئەسەر ، ئۇيغۇر كىلاسسىك لۇغەتچىلىكىدىكى مۇھىم ئەمگەكلەرنىڭ بىرى بولغان «سۇرراھ لۇغىتى» مۇ ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ۋە تەرجىمەشۇناسلىقىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنىڭ بى باھا نامايەندىسىدۇر.

ئاندىن، 14 ـ ئەسىردە «خەن تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلىكى» دەپ ئاتالغان «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلىكى» ، 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنى ، خۇسۇسەن ئەينى زاماندىكى تۇرپان، قومۇل شىۋىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەكمۇ مۇھىم ۋە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە لۇغەتتۇر.




15 ـ ئەسىرگە يېقىنلاشقاندا، يەنى 1438 ـ يىلى تالىي ئىمانىي (بەزى كىتابلاردا " تالىي ھىراتى " دەپمۇ ئۇچرايدۇ) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «بەدايىئۇل لۇغەت» (تىلدىكى بەدەئىلىكلەر)، 16 ـ ئەسىردىكى «چاغاتايچە تۈركچە لۇغەت»، 17 ـ ئەسىردە ، بۇگۇنكى ئاقسۇدا «لەتائىفۇل لۇغەت» (تىلدىكى گۈزەللىكلەر)، 18 ـ ئەسىردە 17 ۋە 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا بايلىقىنى ، ئۇنىڭ قارا خانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا نىسپەتەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسپەتەن ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ، ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىش ۋە پايدىلىنىشتا تېپىلغۇسىز مۇھىم مەنبە « بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت » دۇنياغا كەلدى.

**بۇ لۇغەت** چيەنلوڭ خان زاماندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوردا ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ،مەزمۇنغا باي، تارىخىي، ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇيغۇرچە بۆلۈمى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. بۇ لۇغەت جەمئىي ئۈچ قىسىم، 5163 بەت.

بۇ لۇغەتتە بەش خىل تىل مۇنۇ تەرتىپتە يېزىلغان: مانجۇچە،تىبەتچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنچە. بۇلاردىن تىبەتچە قىسمىنىڭ ئاستىغا مانجۇ يېزىقى بىلەن ئىككى خىل ترانسكرىپسىيە بېرىلىپ، تىبەتچە سۆزلەرنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ بىر خىلى ھەرپمۇ ـ ھەرپ بېرىلگەن بوغۇملۇق ترانسكرىپسىيە، يەنە بىر خىلى ئېيتىلىشى بويىچە بېرىلگەن ئاۋاز ترانسكرىپسىيىسى. مۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى ، تىبەتچە سۆزلەرنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى قېدىمقىدىن خېلىلا پەرق قىلىسمۇ ، ئەمما ئىملادا قېدىمقى تەلەپپۇز ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ ئاستىدىمۇ مانجۇچە ترانسكرىپسىيە بېرىلىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. موڭغۇلچە ۋە خەنچە قىسمىغا ترانسكرىپسىيە بېرىلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بەش تىللىق لۇغەت مۇنداق سەككىز ستونغا بۆلۈنگەن:

يۇقىرىدىكىسى مانجۇچە؛ ئىككىنچىسى تىبەتچە؛ئۈچىنچىسى تىبەتچىنىڭ بوغۇملۇق ترانسكرىپـ ـ ـسىيىسى؛ تۆتىنچىسى تىبەتچىنىڭ ئاۋاز ترانسكرىپسىيىسى؛ بەشىنچىسى موڭغۇلچە؛ ئالتىنچىسى ئۇيغۇرچە؛يەتتىنچىسى ئۇيغۇرچىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى؛ سەككىزىنچىسى خىتايچە ؛

قوشۇمچە:

A. لۇغەتنىڭ مۇندەرىجە قىسمىدىن
بىر بەت



B. لۇغەتنىڭ تېكىست قىسمىدىن
بىر بەت



19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكى سان ـ سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى.

بۇ يەردە مۇھىملىرى دەپ فەيزۇللاھ خان تەرىپىدىن 1825 ـ يىلى ، پاۋست كۇرتتەيلى تەرىپىدىن بولسا 1870 ـ يىلى تۈزۈلگەن «چاغاتايچە ـ فارسچە لۇغەت» ، شەيخ سۇلايمان تەرىپىدىن 1881 ـ يىلى تۈزۈلۈپ نەشر قىلدۇرۇلغان «چاغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ لۇغەتلەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زاماندىكى لېكسكا بايلىقى ، مورفولوگىيىلىك ئۆزگىچىلىكلىرى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇلاردىن باشقا، بورھان شەھىدى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇرچە ـ خەنچە رۇسچە لۇغەت» (1953 ـ يىل)، رەۋىيدۇللا ھەمدۇللاھ تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر لۇغىتى» (1984 ـ يىل)، غۇلام غوپۇرى، غوجا ئەھمەت يۇنۇس، مۇھەممەد تۇرسۇن ئىبراھىم: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» (1966 ـ يىل)، غۇلام غوپۇرى : «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى» (1986 ـ يىل)، ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىن : «قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (1989 ـ يىل)، ماشىكرىن: «ئۇيغۇرچە خەنچە جۈپلەنمە سۆزلەر لۇغىتى» (1989 ـ يىل)،مۆمىن ئابدۇللاھ: «تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (1989 ـ يىل)، قادىر قاۋۇز : « خەنچە ئىنگلىزچە ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» (1990 ـ يىل) ، قۇددۇس ھافىز : « خەنزۇچە ـ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » (1988 ـ يىل)، « خەزنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » ...... قاتارلىقلارمۇ بار. نەشرىيات كوللىكتىۋى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان «خەنچە ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «ئۇيغۇرچە خەنچە لۇغەت»، «سىياسى ئىقتىساد

لۇغىتى» ، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى» ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ، . . . قاتارلىقلارمۇ بار.

يەنە ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، فىزىكا ، خىمىيە ، ماتېماتىكا ، تىبابەتچىلىك ، ئورمانچىلىق ، نېفىت ، پېداگوكىكا ، تەنتەربىيە ، بىئولوگىيە ، ئېلېكتىر تېخنىكىسى ، پەن تېخنىكا ، سودا ، ھەربىي ئىشلار قاتارلىقلارغا دائىر ئىككى تىللىق ، ھەتتا 6 ـ 7 تىللىق قىلىپ تۈزۈلگەن لۇغەتلەرمۇ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى.

ئۈلاردىن باشقا ، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتىغا ماس قەدەمدە جىپسىلىشىش ئاساسىدا ئۇيغۇر كومپيوتېر تىلشۇناسلىقى ئىلمىي ۋۇجۇتقا كېلىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا خىلمۇ ـ خىل مەزمۇن ۋە شەكىلدىكى كومپيوتېر لۇغەتلىرىمۇ تېز تۈتۈپ تەييارلىنىپ نەشر قىلىندى. بۇلاردىن ،

## ئوكيانۇس

بۇ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»دىكىلەر ئىشلىگەن (ئېنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە ـ خەنچە) ئۈچ تىللىق كومپيوتېر لۇغىتى بولۇپ ، سۆزلۈك مىقدارى 100 مىڭدىن ئاشىدۇ؛ باشقا لۇغەتلەرگە قارىغاندا «سۆزنىڭ ئارقا ھەرپلىرى بويىچە ئىزدەش»تىن ئىبارەت ئارتۇقچىلىقى بار.

## تىل بىل ـ ئىرپان تور لۇغىتى

بۇ لۇغەتكە ھازىرغىچە خىتايچە ، ئۇيغۇرچە ،ئىنگلىزچە ئۈچ تىلنىڭ 16 دىن ئارتۇق لۇغىتى كىرگۈزۈلدى. يېقىندا يەنە باشقا تىللارنىڭ لۇغەتلىرىمۇ قوشۇلىدۇ. كۆرۈنمە يۈزى ۋە ئىچىدىكى مەزمۇنلار لۇغەتنىلا ئەمەس بەلكى خىتايچە ، ئىنگلىزچە ، ئۇيغۇرچە ، تۈركچە ، رۇسچە قاتارلىق تىللارنى نۆلدىن باشلاپ ئۆگەنگۈچىلەرگە لازىملىق ماتېرىياللارنى قوشۇپ تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ھەقسىز خىزمەت قىلىدىغان تور سۇپىسىدىن ئىبارەت.

## ئۇيغۇر سوفت كومپيوتېر لۇغىتى

نۆۋەتتە ھۆرمەتلىك ئالىم ئەھەت مەسئۇللىقىدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر كومپيوتېر شىركىتى» تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان مانا شۇ «ئۇيغۇر سوفت كومپيوتېر لۇغىتى»نى ھاياجان بىلەن تىلغا ئالىمەن.

بۇ لۇغەت ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا خىلمۇ ـ خىل ئۇسلۇپ ۋە مەزمۇندا تۈزۈلگەن. تۆۋەنگە قاراڭ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئۇيغۇرسوفت لۇغىتى**

| نەشريات نۇسخىسى | ئىدارە ـ ئورگان نۇسخىسى | شەخسلەر نۇسخىسى |
|---|---|---|
| ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە ، ئەرەبچە ، تۈركچە ، ئۆزبېكچە ، رۇسچە | ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە ، ئەرەبچە ، تۈركچە | ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە |
| 4 مىليوندىن ئارتۇق سۆز ـ ئىبارە | 3 مىليوندىن ئارتۇق سۆز ـ ئىبارە | 2 مىليوندىن ئارتۇق سۆز ـ ئىبارە |
| تار دائىرىلىك تور | يۇمشاق دېتال قارانچۇقى (خالىغان كومپيۇتېرلاردا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ) | يۇمشاق دېتال قارانچۇقى (خالىغان كومپيۇتېرلاردا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ) |
| كومپيۇتېر سانىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ | 550 يۈەن | 350 يۈەن |

«ئۇيغۇرسوفت لۇغىتى» زور ھەجىملىك لۇغەت يۇمشاق دېتالى بولۇپ، ئەڭ يېڭى نەشرىگە ئىنگلىزچە، خەنچە، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە تۈركچە نوپۇزلۇق لۇغەتلەر قوشۇلغان. سۆزلۈك مىقدارى زىيادە مول، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، مەنە شەرھىسى توغرا بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى پەن ساھەلەردە قوللىنىلىۋاتقان يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن باشقا يەنە جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان مۇقىملاشقان سۆز ـ ئىبارىلەرمۇ تولۇقلاپ كىرگۈزۈلگەن . ئۇيغۇرچە، خەنچە، ئىنگلىزچە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى، چۈشەندۈرۈشى، مىسال جۈملىسى ۋە ئادەم تەلەپپۇزى بېرىلگەن بولۇپ، تىل ئۆگىنىشىڭىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

3) سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچە خىلمۇ ـ خىل پەن ـ تېخنىكا ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت بىلىملىرى ۋە ئەمەلىيەتلىرنى تونۇشتۇرىدىغان كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئىجادىي ۋە تەرجىمە شەكىللىرى بىلەن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ نەشر قىلىنىشىدىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى راۋۇرۇس نامايان قىلماقتا.مەسىلەن: «بىلىم ـ كۈچ»،«شىنجاڭ ياشلىرى»؛ ھازىرقى «ئۇيغۇر تېبابەت ژۇرنىلى»،«كومپيوتېر»،«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللار؛ شۇنداقلا، «تەبىئەت دېئالىتىكىسى ـ ـدىن قىسقىچە بايان»،تۈزگۈچى: ھىدايى كېرەم؛« فىزىكىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «باللار بىلىمىگە دائىر تەجرىبىلەردىن 230 مىسال»،(ئامېرىكا) پار ئارىستېلد نارسۇن،تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمان مۆمىن، ئابدۇقادىر يونۇس، ئابدۇۋەلى مۇقىت؛« ئادەم قانداق قىلىپ گىگانتقا ئايلانغان» ، ئىلىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما،سۇلتان ياسىن ، رەقىپ ۋاھاپ، غوپۇرجان مەمەت تەرجىمىسى؛ « يۈزمىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» ، ئابلەت ئابدۇراخمان،سائادەت داۋۇت، ئەنۋەر غېنى ، ئاتاۋۇللا ئىسمايىل، ئەركىن ئىبراھىم، ئوبۇلقاسىم، ئا. تۇردى؛ «ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەندىكى 100 مەسىلە»(ئامېرىكا، ئاسىموۋ ئەسىرى) تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەمەت ئېلى، زايىت رەھىم، ھەببۇللا خوجا ؛«ھايۋانات سىرلىرىدىن 1001 مىسال» ، تەرجىمە قىلغۇچىلار :ئابدۇرېھىم قاھار، ماھىرە تۇراپ؛«پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ كىلىپ چىقىش مەنبەسى» (ئىساك ئاسىموپ ،ئامېرىكا)، تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمائىل ئىبراھىم؛«كىچىك كەشپىياتلاردىن يۈز مىسال»،تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلىز ئابباس، غوپۇر مەمەت؛«پەن ـ تېخنىكا قول ئىشلىرى»تەرجىمە قىلغۇچىلار:پولات ئەمەت«.بىز رەقەمنى قانداق تاپتۇق» ، (ئامېرىكا، ئىساك ئاسىموۋ)،تەرجىمە قىلغۇچىلار:تۇرسۇنجان ئىسلام؛«پەن ـ تېخنىكىنىڭ

تەرەققىياتى» ، تەرجىمە تەھرىرى:جۈرئەت قادىر . «ئىلىم ـ پەن غەزىنىسى» ،(ئامېرىكا ،ب.برون) ،تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئابلىمىت ھەسەن ؛«ئىنسانلارنىڭ خەت يېزىشنى باشلىشى، مىتاللارنىڭ تاش قوراللارنىڭ ئورنىنى ئېلىشى» ،ئاپتورى: جاڭ كەيشۇن، تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشى نىزامىدىن ؛«پەن تارىخى» (ياپونىيە ،داجياۋ جېڭزى)، تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئوسمان موللەك، ئوسمان نىياز؛ «ھازىرقى زامان تەبىئىي پەن تەرەققىياتى ھەققىدە لېكسىيە» ، ئابدۇللا مەتسىيىت. «پەننى ئويۇن» ، ئاپتورى: ھانىس پېرېيىس (غەربىي گېرمانىيە) تەرجىمە قىلغۇچىلار:ياسىن ھۈسەن، رېھىم يۇنۇس ؛«ئىلمىي تەجرىبە» ،(فىرانسىيە، ل.د.ۋېرىس) ،تەرجىمە قىلغۇچىلار:رامىزان رېھىم ؛«ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنىدىكى 100 مەسىلە» (ئامېرىكا، ئاسىموۋ)، تەرجىمە قىلغۇچىلار : مەمەت ئېلى، زايىت رەھىم، ھەبىبۇللا خوجا ؛«ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن بوسۇغىسى»(«تەبىئەت» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن ؛تەرجىمە قىلغۇچىلار:مەمەت ئېلى، قادىر ھوشۇر، گۈلسۈم ؛«تېمپېراتۇرا دۇنياسىغا ساياھەت» ،تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئابدۇرېھىم قاسىم، ئابدۇرۇسۇل ئاقنەزەر ؛«بىلىم غەزىنىسى» («باللىق دەۋر» نەشرىياتى «بىلىم غەزىنىسى» تەھرىر گۇرۇپپىسى تۈزگەن)، تەرجىمە قىلغۇچى:ئەنۋەر تۇردى ؛«پەننىڭ سېھىر كۈچى» ،تۈز ـ گۈچى: (ياپونىيە) تىيەن جۇڭشى، لۇلۇيۇەنشىن ،تەرجىمە قىلغۇچىلار: خالمۇرات باۋدۇن «ئۇلۇغ ئىلمىي تەجرىبىلەر» ، تۈزگۈچى: روممىي خارى (ئەنگىلىيە) ،تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئابدۇرېھىم شاۋ ـ دۇن ؛ « بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن» ، جۇڭگو ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تۈزدى ،تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇنەيىم مىجىت، روزى سەيدى ؛«بىز ئانتاركتىكىنى قانداق تاپتۇق» ، تۈزگۈچى:«ئامېرىكا) ئىساك ئاسىموۋ، تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئابدۇكۆرەش ئېلى؛ «پەننىڭ سىرى» ،ئاپتورى: تىيەن جۇڭفۇ ،تەرجىمە قىلغۇچى: مۇتەللىپ باتۇر؛ «تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل پاراستى» ،تۈزگۈچى:(ياپونىيە)دوخۇخۇي ،تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەتروزى ھېيىت؛ «كائىنات ۋە ھاياتلىقنىڭ سىرى» ،تەرجىمە قىلغۇچىلار:تۇرسۇن يۇسۇپ، ئابلىمىت ئىبراھىم ؛«ئەتىكى ئىلىم ـ پەن» (ئىلمىي پارچىلار) ،«ئۆسمۈرلەرگە خاس ئىلىم ـ پەن» تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن ،تەرجىمە قىلغۇچى :سەلىمجان ؛«تۇرمۇشتىكى سىرلار» تۈزگۈچى: (ئەنگىلىيە) مارگىناس.پىك ،تەرجىمەقىلغۇچى: ئارزۇگۈل روزى ؛«ئاتوم فىزىكىسى» ،تەرجىمە قىلغۇچىلار:ھېۋزۇللا قادىر، سىيىت مۇھەممەت ؛«ئاتوم ۋە ئاتوم ئېنېرگىيەسى ھەققىدە ئاساسىي بىلىم» ،تەرجىمەقىلغۇچى :سابىت موللاخۇن ؛«تىببىي فىزىكا» ،تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسلام ئابدۇللا ؛« ئەتراپىمىزدىكى خىمىيلىك ھادىسلەر ياپونىيە خىمىكلىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرى» ، تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئوسمانخان ئاتىخان ؛«كۋانت مىخانىكىسى كۇرسى» ،تەرجىمە قىلغۇچىلار : تۇردى ئوسمان، قۇتلۇق ئەمەت؛ «ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى ۋە ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى» ،تۈزگۈچى: شېي چۇفاڭ، راۋ كېجىن ،تەرجىمە قىلغۇچى: خالىدە قۇربانوۋا؛ «ئېلېكترو ماگنىتىزىم كۇرسى» ،تەرجىمە قىلغۇچىلار:مەھەممەت ساتتار ،تۇرسۇنئاي يۇسۇپ ؛«ئۇران» (ئەڭ ئېغىر ئېلېمېنت) ،تۈزگۈچى: چېڭ جىڭجى، تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئابلىز ئابدۇلھەق ؛«خىمىيۋى سېھىرگەرلىك» ،تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرسۇن توختى ؛«ھازىرقى زامان فىزىكا ئاساسلىرى» ،سابىت ھامىت ؛« يېزىلاردا دائىم قوللىنىلىدىغان فىزىكا بىلىملىرى» ، باش تۈزگۈچى: جۇ سيۇەن ،تەرجىمە قىلغۇچىلار : تەلئەت ئىمامھاجى ؛«نەزەرىيىۋى فىزىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە » ،« نەزەرىيىۋى فىزىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» ،تەرجىمە قىلغۇچى: ئالتۇن توقسۇن ؛«تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان خىمىيىۋى رېتسېپلار» ،ئىلھام ئىكرام ؛«كائىنات توغرىسىدا» ،ئاپتورى: سەمەت خېۋىر ؛«قىزىقارلىق خىمىيە تەجرىبىلىرى» ؛تۈزگۈچى: يىڭ لىۋىن، خۇشۇبىڧو ، خۇاڭ شۇدۇەن ،تەرجىمە قىلغۇچى: مەمەتىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بورھان؛«ئاسموۋ: خىمىيە توغرىسىدا»،تۈزگۈچى: ئاسموۋ،تەرجىمە قىلغۇچى: پەيزۇللا ئىكرام؛«خىمىيىدىن قىزىقارلىق سۆھبەت»،تۈزگۈچى: فابىر،تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمايىل مەمەت ؛«ھەممىز ماتېماتىكا ئۆگىنەيلى»،تۈزگۈچى: ئا.د.جونسۇن، خ.ۋ.گلېن،تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن رۇزى؛«غەلىتە قەۋىر تېشى ـ ماتېماتىكىق ھېكايىلەر»،تۈزگۈچى: لى لىڭ شياۋيې، تەرجىمە قىلغۇچى: بەخت زاكىروۋ؛«ماتېماتىكا بېغىغا ساياھەت»، تۈزگۈچى :ماشۇېن، تەرجىمە قىلغۇچى: ھىمىت راخمان؛«ئارىفمېتىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ يېشىمى توغرىسىدا»،تۈزگۈچى: يۈسۈپ ئىلياس؛ «تەڭلىمىلەر ۋە تەڭلىمىلەر سىستېمىسى»، تۈزگۈچى: ئىمام زونۇن؛«قىزىقارلىق تەجرىبىلەر» ،تۈزگۈچى:(سوۋېت ئىتتىپاقى) م.ستولگار، ل.فوسىن، تەرجىمە قىلغۇچى: ماخمۇت ئابدۇرېھىم؛ «كومپېلېكىس سانلار»،تۈزگۈچى: ئابدۇراخمان ۋەلى؛ «ماتېماتىكىلىق ئانالىز كونسپېكى»،تەرجىمە قىلغۇچى :تۇرسۇن ئىمىن، رىشات رەخمىتۇللا؛«نوقتىلار توپلىمى توپولوگىيىسى»،تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت ئەمەت؛«ئېھتىماللىق نەزەرىيەسى ۋە ماتىما ـ تىكىلىق ستاتىستىكا كۇرسى ـ 1) »(كىتاپ)،تەرجىمە قىلغۇچى: مەھەممەت يۈسۈپ؛ «ئاجايىپ تاقابىللىق»،تەرجىمە قىلغۇچى: مەجىت زاكىر؛ «دىففېرېنسىئال تەڭلىمىلەرنى سانلىق يېشىش ئۇسۇلى»،تۈزگۈچى:لى رۇڭخۇا، فېڭ گوچىن،تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخەت غوجى؛«فىزىكا ئاساسلىرى»، تۈزگۈچى: زەينەپ ھاكىم؛«ماددا، ماسسا ۋە ئېغىرلىق»، تەرجىمە قىلغۇچى: راشىدىن بارات، ئەخمەت سەئىدى؛ «نيۇتۇن قانۇنلىرى ھەققىدە» تۈزگۈچى: جاڭ سەنخۇي،تەرجىمە قىلغۇچى: يولۋاس راشىدىن، نىياز ئۆمەر؛ «مىخانىكا توغرىسىدا سۆھبەت»،تەرجىمە قىلغۇچى:رىزۋان ئېلى؛«ئاممىباب مىخانىكا»، تۈزگۈچى: ۋ.پ.رېشۋېسكى،تەرجىمە قىلغۇچى: ياقۇپ رۇستەم، ئابدۇۋەلى ئېلى؛«مىخانىكا ئاساسلىرى» ، تۈزگۈچى: چى ئەنشىن، دۇ چەنيىڭ،تەرجىمە قىلغۇچى: رىزۋان ئەلى؛ «ھاياتلىق ۋە ئىنسانىيەت»،تۈزگۈچى: سەمەت خېۋىر ... بۇنىڭ قىسقىچە دەلىللىرىدۇركى، يەنە نەچچە يۈزمىڭلىغان كىتاپ ـ ژورناللارنى تىلغا ئالالايمىز.

6) ئەمدى نەزەر سالىدىغان بولساق، خەن تىلىدىكى قەدىمىي كىلاسسىك ئەسەرلەرمۇ ئاجايىپ مۇكەممەل تەرجىمە قىلىنىش بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىكەنلىگىنى، ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىنىڭ كاتتا سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى ناھايىتى جانلىق نامايان قىلدى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا» قاتارلىق كىلاسسىك تارىخىي رومانلار بۇنىڭ قىسقىچە مىساللىرىدۇر.

مەلۇم بولىشىچە ،ئابدۇكېرىم خوجا باشلىق تىلشۇناس تەرجىمانلار «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى تەرجىمە قىلىشتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەقەدەر پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى مۇشۇ نەزمىلەردە تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپتىكەن. خىتايلار : «سۆزۈكلار يېتىشتىمۇ؟» دەپ سورىغىنىدا بولسا ئۇلار قىزىقچىلىق قىلىپ: « سۆزلىرىمىز نەچچە تاغار ئېشىپمۇ قالدى» دەپتىكەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شۇ قەدەر مۇرەككەپ كىلاسسىك تىل دۇردانىلىرىنى شۇ قەدەر ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەشكە قادىر بولالىغان ئىكەن، ھازىرقى زامان ئاددىيلىشىۋاتقان تىللار بىلەن يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەشكە قادىر بولالماسمۇ؟

بۇ مۇھەققەقكى، دىيارىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «كۆبرۈك» ۋە باشقا ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەلىرى بۇ جەھەتتە ھەر قانداق كىشىنى قايىل قىلماي قالمايدۇ، ئەلبەتتە!

7) سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچە چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى

جەھەتتىنمۇ ھەر قانداق تىلدىكىدىن ئەڭ توغرا ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى ۋە مەڭگۈ قىلالايدۇ.

بۇ جەھەتتە :

**(1)** يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىدىكىدەك،تىل ـ تاۋۇشلىرىمىز تامامەن دېگۈدەك يېتىشىدۇ.

**(2)** تىلىمىزنىڭ يۇمشاق ، يېپىشقاقلىقى سەۋەبلىك تىل ـ تەلەپپۇز ئىقتىدارىمىز ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ، باشقا تىللاردىكى كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى خاس ئاتىلىشى بويىچە تامامەن دېگۈدەك توغرا تەلەپپۇز قىلالايمىز ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى بويىچە يازالايمىز.

ئەمما باشقا تىللاردا مۇنداق ئىلمىيلىك مەۋجۇت ئەمەس.

كۆرىدىغان بولساق، ـــــ

**ئىنگلىز تىلىدا:**

مەيلى كىشى ئىسىملىرى، مەيلى يەر ناملىرى ۋە مەيلى مىللەت ناملىرى بولسۇن، ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. كۆرىدىغان بولساق :

**ئا :** يەر ناملىرىغا نىسپەتەن :

① بەزى يەر ناملىرىنى ئەسلى خاس ئاتىلىشىغا يارىشا يازماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت.

مەسلەن:

‹مىسىر› [misir] نى ‹Egypt› [[1] i:ʤipt]( ئىجىپت) ، ‹قاھىرە› [q‘ɑhirɛ] نى ‹Cairo› [[1] kaiərəu] (كايىرېۇ) دەپ يازىدۇ .

② يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىدا مۇئەييەن بىر ئىلمىي قائىدە يوق.

مەسلەن:

‹1› دۇنيادىكى 231 دۆلەت ۋە رايۇندىن 16 سىنىڭ يېزىلىشى ئۇزۇن ـ قىسقا بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ‹the› بىلەن باشلىنىپ يېزىلىدۇ .

مەسلەن :

| ئۇزۇن يېزىلىشى | قىسقا يېزىلىشى |
|---|---|
| the Commonwealth of the Bahamas | the Bahamas |
| باھاما فېدىراتسىيىسى | باھاما |
| the Vatican Sity State | the Vatican |
| ۋاتىكان شەھەر دۆلىتى | ۋاتىكان |
| the Republic of the Phlippines | the Philippines |
| فىلىپپىن جۇمھۇرىي | فىلىپپىن |

دېگەندەك .

‹2› 179 دۆلەت ۋە رايۇننىڭ ئىسمىنىڭ ئۇزۇنلىرىلا ‹ the › بىلەن باشلىنىپ يېزىلىدۇ.

مەسلەن :

| ئۇزۇن يېزىلىشى | قىسقا يېزىلىشى |
|---|---|
| The Republic of Albaniya | Albania |
| ئالبانىيە جۇمھۇرىيىتى | ئالبانىيە |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | |
|---|---|
| Algeria | the Democratic People's Republic of Algeria |
| ئالجىرىيە (جەزايىر) | ئالجىرىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى |
| Afghanistan | the Republic of Afghanistan |
| ئافغانىستان | ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى |
| Denmark | the Kingdom of Denmark |
| دانىيە | دانىيە پادىشالىقى |

دېگەندەك.

‹3› ئۆلاردىن باشقا **46** دۆلەت ۋە رايونىنىڭ نامى مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا ئاتالسۇن، ھەممىسى ‹**the**› بىلەن باشلانماستىن يېزىلىدۇ .

**ئە : كىشى ئىسىملىرىغا نىسپەتەن:**

بۇ تىلدا ‹ق›، ‹غ›، ‹خ›، ‹ئۆ›، ‹ئۇ› قاتارلىق تاۋۇشلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ خىل تاۋۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشى ئىسىملىرىنى توغرا يازالمايدۇ.

**ب : مىللەت ناملىرىغا نىسپەتەن:**

بۇ جەھەتتىمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلىپ يېزىشنى بىلمەيدۇ.

مەسىلەن:

| يېزىلىشى | Uygur | Uigur | **Uighur** |
|---|---|---|---|
| تەلەپپۇزى | ['wigə] | ['wi: gə] | ['wi: guə] |

گە ئوخشاش.

(تەپسىلاتى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قارىغايسىلەر)

http://dict.hjenglish.com/app/w/Uygur

http://dict.cn/Uygur

http://odict.net/xinjiang-uygur/

(ئىزاھات : ئەسلى مەنبەدە U ھەرپى كىچىك يېزىلغان. بۇ خاتا.)

ئەمدى خىتاي تىلىغا كېلىدىغان بولسام، بۇ جەھەتتە يۇقىرىدا بەزى مىساللارنى بىرىپ ئۆتتۇم ، شۇنىڭ ئۆزى كىپايە قىلار.

ئەمما مەيلى نىملا بولمىسۇن، خەن تىلىدا يېزىلغان ھەر قانداق ئىسىم - نام خاسلىقىنى تامامەن يوقۇتۇپ قويىدۇ. چۈنكى تىلىنىڭ قاتتىقلىقى، خەت شەكلىنىڭ بۇغۇملۇق بولۇشى پەقەت ۋە پەقەت ئۆز تىلىدىكى كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى يېزىشقىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ.باشقىلارنىڭ يەر ناملىرىنى، ئىسىم - پامىلىلىرىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بىرەلمەيدۇ...!!!

ناھايىتى رۇشەنكى، ئىسىم - ناملار تەرجىمىسى نوقۇل ھالدا بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا خالىغانچە قىلىنىسىمۇ بولىۋېرىدىغان تەرجىمە ئىشى بولماستىن ، بەلكى ، بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ، دېمەك ، شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسى ، تىل - يېزىقى ، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

ناھايىتى مۇھىم ۋە قىل كۆتۈرمەيدىغان نازۇك تەرجىمە ئىشىدۇر . مۇستەملىكچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ، مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن جايلاردىكى خەلقنىڭ مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر - جايناملىرىنى ئەسلى مىللىي تىلى بويىچە ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ۋىجدانىي ھەرىكەتنى باشلىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەپتىندۇر . « زىمبابۇۋى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى » بۇنىڭ بىر جانلىق مىسالىدۇر .

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىسىم - ناملارنى تەتقىق قىلىش جەمىيەتلىرى قۇرۇلۇپ زور خىزمەتلەر ئىشلەنمەكتە . بولۇپمۇ ، فرانسىيەدە ئىسىم - فامىلە تەتقىقاتى مەخسۇس بىر ئىلىم بولۇپ قالدى . ئۇ « ئانتروفونىمىيە » (ئىسىم - فامىلىيەشۇناسلىق ئىلمى Anthrophonymie) دەپ ئاتىلىش بىلەن ئىسىم - فامىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدۇ . چۈنكى ، « كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىۋى ، كېلىپ چىقىشى ، ئۆزگىرىشى ۋە مەنىسىنى بىلىش ، ھەمدە بۇھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش — بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى ، مەدەنىيىتىنى ، ئەخلاقىنى ، ئۆرپ - ئادىتىنى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە »(مۇتەللىپ سىدىق : «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدا» غا قاراڭ)

شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن فونېتىكىنىڭ ئورگانىك باغلىنىشلىقى بارلىقىنى چۇڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز ، بۇ تەرجىمىدە ناھايىتىمۇ ئەستايىدىل بولۇشىمىز لازىم.

دېمەك، خىتاي تىلى مەيلى تاۋۇش جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى سۆز - جۈملىلەرگە نىسپەتەن بولسۇن ۋە مەيلى ئىسىم-ناملارنىڭ يېزىلىشى جەھەتتە بولسۇن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن نەچچە ئون، نەچچە يۈز ھەسسە تۆۋەن تۇرىدىكى، بۇ تىلنى قۇرال قىلىپ تۇرۇپ باشقا تىلنى ئۆگۈنىدىغان بولساق ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش جەھەتتە تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىش مەخسىدىگە ئەسلا يەتكىلى بولمايلا قالماي، بەلكى سۆز-ئاتالغۇ ۋە ئىسىم-ناملارنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان، خاتا يازىدىغان ئەھۋاللاردىن ئەسلا خالى بولغىلى بولمايدۇ.

تۆۋەندە ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىنگلىز ۋە خىتاي تىللىرى توغرىسىدىكى بەزى پىكىر - چۈشەنچىلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ جەھەتتىكى يەكۈنىمىزنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ ئۆتىمەن.

كۆرىدىغان بولساق ،———

**ئىنگلىز تىلى توغرىسىدا** مەشھۇر تۈرك ئالىمى پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: « ئىنگلىز تىلى بىلىم تىلى بولالمايدۇ.... تۈركىيىنىڭ رەسمى تىلى كۆپچۈلۈكنىڭ ئانا تىلى بولغان تۈركچىدۇر. تۈركىيىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىگىنىڭ، ئەزەلدىن - ئەبەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنىڭ ئاساسى تۈركچىدۇر. چەتئەل تىلى زۆرۈر تېپىلغانلارغا ئۆگۈتۈشتە تەلىم - تەربىيە تىلىنى ئىنگلىزچە قىلىش - ماھىيەتتە تۈركچىنى يوقىتىش، تۈركىيىنى پارچىلاش، تۈرك دۇنياسىدا تىل ۋە مەدەنىيەت بىرلىگىنىڭ يېتىشىۋاشتىن تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈرك نامىنى تارىختىن ئۆچۈرۈش، تۈرك ياشلىرىنى جاھىل، ئۆلۈك يادلىغۇچى، مىخانىزىم ۋە گوش كاللا ، مۇستەملىكچىلىك روھقا ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر. تارىخنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە خائىيانە ئويۇنلىرىدىن بىرى بولغان بۇ ئويۇنغا ۋاستە بولغانلار ياخشى ئويلىنىپ باققاي! ... سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مائارىپ تىلىنىڭ

چەتئەلچە بولىشى تەلىم - تەربىيە مەنبەلىرىمىزنىڭ ئىسراپ بولىشىغا يول ئېچىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەرگە كىرىش تەس بولۇۋاتقاندا، ئۈچ يىللىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تەييارلىق سىنىپى قوشۇپ تۆرت ياكى بەش يىل، تۆت يىللىق ئۇنىۋېرستىنى بەش يىللىق قىلىۋاتىمىز. بۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ ئۆگىنىش ۋاقتى ئۈچۈن ، يەنە بىر تەرەپتىن تەلىم - تەربىيە مەنبەلىرى ئۈچۈن ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا مەكتەپكە كىرمىگەنلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىسراپ!» ، «ئۇزۇن يىللاپ ئامېرىكىدا ياشىغان بىر بىلىم ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىنگلىزچىنىڭ نەقەدەر «قاقاس، چۆل» كەبى تىل ئىكەنلىكىگە شاھىت بولدۇم.....ئىنگلىزلار دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىرقچى، ئەھلى سەلىپ ، ئەمما ئۇنى بەك پەزىلەت ھالىتىدە كۆرسەتكەن مىللەت. بۇ جەھەتتە غەرپلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ئۇلار ئىنسانلىقتىن ئېغىز ئاچىدۇ، ئەمما ئىنسانلىق بىلەن ئالاقىسى يوق. ئىنگلىزلار ئىندىيانلارنى ھالاك قىلغان، ئىسپانىيەلىكلەر پۇتكۈل جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقاتقان ، كىتاپلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بۇ ھادىسىلەر ئىزچىل داۋاملىشىۋاتىدۇ ....ئىنگلىزلار بىلىم ۋە تېخنىكا تېرمىنلىرىنى لاتىنچە ۋە كونا يۇنانچىدىن ئالىدۇ. چۈنكى 4 ـ 5 تىلنىڭ بۇزۇشى سەۋەپلىك ، بىر قانچە يۈز يىللىقلا ئۆتمۈشى بولغان ئېنگلىزچىنىڭ ئۆزىدىن تېرمىن ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى يوق.......ھەر ياشتىكى تۈرك ياشلىرى! يىللاردىن بويان ئۇستىمىزدە ئويناۋاتقان خائىنلىق ئويۇنلىرى سەۋەپلىك روھسىزلانماڭلار. قاراڭغۇ غاردا يېقىلغان بىر تال سەرەڭگە ئەتراپنى يورۇتۇپ قانداق كۆرسەتلىگەن بولسا ، توغرۇلۇق نۇرى بىزگە ھەقىقەت ۋە يولنى ئەنە شۇنداق كۆرسىتىدۇ. ھەر - بىر يېڭى كەشپىيات، ھەر-بىر يېڭى تېخنىكىنى ئىنسانلارنى ئېزىش ئۈچۈن ئەمەس، مىللىتىمىزنىڭ ، تۈرك دۇنياسىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن ئىشلىتىمىز. چۈنكى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ۋە نەچچە مىڭ يىللىق ئاسىيا ۋە كېيىن ئۈچ قىتئەنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بايلىق ۋە يەر ئاستى مەدەنىيەتلىرىمىزدىن كاتتا بىر كۆڭۈل، بىر ئىنسانىي ئاڭ ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت مىراس قالغان.»(تۇرگاي تۈپەكچى ئوغلى: «پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە»)

ئەمدى ، ئىنگلىز تىلىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا قوللىنىلىدىغان تىل بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئۇنداقتا ئىنگلىز تىلى قانداقسىگە پۈتكۈل دۇنيادا كەڭ دائىرىدە قوللىنىدىغان تىل بولۇپ قالدى؟

## بۇ زادى ئىنگلىز تىلىنىڭ ھەقىقەتەن قوللىنىشچان ، مۇكەممەل تىل بولغانلىقىدىنمۇ؟

ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس!

بۇنى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىسىدىن ۋە ئالىمىي زاتلارنىڭ باھاسىدىن چوڭقۇر ھېس قىلغىلىلا بولۇپ قالماي، تارىخىي مەلۇماتلاردىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئۈچۈن تۆۋەندە بايان قىلىدىغان «زېمبابۇۋى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى » ناملىق ماقالىغا قارىغايسىلەر:

# زىمبابۋې يەر نامىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى

**1982**ـ يىلى **4** ـ ئاينىڭ **18** ـ كۈنى ئافرىقا قىتئەسىدىكى زىمبابۋې دۆلىتىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىغا **2** يىل تولغانلىقىنى خاتىرلەش كۈنى بولۇپ ، بۇ كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئەنگلىيىنىڭ **90** نەچچە يىللىق مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقى قىزغىن تەبرىكلەندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەر نامىلىرىدا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مىنىستىرى بىۋاستە تەستىقلىغان « ھۆكۈمەت ئاخباراتى » دا **30** نەچچە مەھەللىنىڭ تۈزۈتۈلگەن ئاتىلىشى ئېلان قىلىندى .

مۇشۇ كەمگىچە ئېلان قىلىنغان **30** نەچچە يەر نامىنىڭ تۈزۈتۈلۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، بەزىلىرى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن نامىلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بولۇپ ، بۇلار شۇ جايدىكى مىللەت تىلى بويىچە ئاتىلىشغا ئالماشتۇرۇلدى . يەنە بەزىلىرى شۇ جايدىكى مىللەت تىلى بويىچە يېزىلىشىنىڭ ئىنگلىزچىدا بۇزۇۋېتىلگەنلىرىنىڭ تۈزۈتۈلگىنى بولۇپ ، مەزكۇر دۆلەت يەر نامىلىرىنىڭ يېزىلىشىنىڭ ئۆلچەملىششى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**1**.ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى زىمبابۋې( كونىچە ئاتىلىشى جەنۇبى رودىزىيە ) نى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ، دۆلەت نامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پايتەخت ، مۇھىم شەھەر ۋە بازارلار ، كۆل ۋە كۆلچەك قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرىگە ئىنگلىز تىلىدا نام قويۇلغان . بۇ قېتىم «ھۆكۈمەت ئاخباراتى » دا پايتەختنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىنگلىز تىلى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن تۆت نام تۈزۈتۈلگەن ھالدا ئېلان قىلىندى . ئۇلار:

| **خاتا قىلىنغىنى** | **تۈزىتىلگىنى** |
|---|---|
| سولزبېرى | ھارارې |
| ھاتلى | چېگۇتۇ |
| ئىسكسۋەيل | ئېسگودىنى |
| مىلسەيتې | ماندىدزۇدزۇرې |

پايتەخت نامىنىڭ سولزبېرى دېيىلىشى **19**ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەنگلىيىلىك مۇستەملىكىچى رودزنىڭ ئەشۇ چاغلاردا ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىگىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ فامىلىسى بويىچە ئاتىلىشىنى نىشانلاش ئاساسىدا بېرىلگەن نام . مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغىلى **2** يىل بولغان زىمبابۋې خەلقى غەرپ مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە يانىلا يۇقۇندى بولۇپ تۇرىۋېرىشىگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار **19** ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغان قەبىلە باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ پاتەختىنىڭ نامى قىلىپ تاللىۋالىدۇ ۋە ھارارې دەپ ئاتايدۇ . « ھارارې » شۇ جاينىڭ تىلىدا « ئۇخلىمايدىغان ئادەم » دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ . ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ قەبىلە باشلىقى غەرپلىك مۇستەملىكىچىلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت باتۇرانە كۆرەش قىلىش جەريانىدا زادىلا كىرپىك قاقماي باشتىن ـ ئاياق ھوشيارلىق بىلەن تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ ياخشى نامغا ئېرىشكەن. پايتەخت نامىنىڭ ھارارې دەپ ئاتىلىشىنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ زىمبابۋې خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، ئىنقىلاۋىي ھوشيارلىقنى كېچە ـ كۈندۈزلەپ ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ئىپا دىلەيدۇ.

ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ۋىكتورىيەبورگ دىگەن نامنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە بۇشەھەردىكى شەھەرلىك كومىتېت بىلەن ھۆكۈمەت قانداق يېڭى نامنى قوللۇنۇش جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىكىر بىرلىگى ھاسىل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى قېتىم ئۆزگەرتىلىدىغان نامىلارنى تەستىقلاپ قايتا ئېلان قىلىدىغان چاغدا يېڭى ناملار بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىشقا قالدۇرۇلدى .

نانفىبل تىلىدا بېرىلگەن باشقا بىر يەرنامى (ئىنكىلدۇرن ) بولسا چوۋ دەپ ئۆزگەرتىلدى .

2. ئەنگىلىيە مۇستەملىكىچىلىرى زىمبابۇۋېگە تەجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ، شۇ جايدىكى يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىش شەكلىگە سەل قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقتىن نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلغان ئىدى . زىمبابۇۋې ھۆكۈمىتى بۇ خىل يەرناملىرىنىمۇ تۈزىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى . چۈشىنىلگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ، بۇ خىزمەت مۇندىن كېيىن داۋاملىق چىڭ تۇتۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىدىكەن .

مۇشۇ قارارلىق « ھۆكۈمەت ئاخباراتى » دا تۆۋەندىكى يەرناملىرىنىڭ تۈزۈتۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى:

| خاتاسى | تۈزۈتۈلگىنى | خاتاسى | تۈزۈتۈلگىنى |
|---|---|---|---|
| گۆېلو | گۆېرۇ | دېت | دېتي |
| گاتۇما | كادوما | ئۇرۇنگۇې | خۇرۇنگۇې |
| ماراندېلاس | ماروندېرا | زاۋى | زاۋې |
| سنويا | چىنويې | بالابالا | مبالابالا |
| ئۇمتالى | مۇتارې | نۇئانېتسې | مۇېنىزى |
| شابانى | زۋشاۋانى | چىپىنگا | چىپىنگى |
| سىلۇكۇې | شۇرۇگۇې | متوكو | مۇتوكو |
| ئۇمۇۋما | مۇۋما | نكاي | نكايى |
| بېلىنگۇې | مبېرىنگۇې | ئىنگېزى | نگېزى |
| سومابۇلا | سومابخۇلا | مازوئي | مازووۋې |
| ماشابا | ماشاۋا | مئامى | مۇامى |
| مانگۇلا | مانگۇر | متېپاتېما | مۇتېپاتېما |
| ئىنيازۇرا | نيازۇرا | ئۇمۇوكۇېس | مۇۋرۋى |

يۇقارقىلاردىن باشقا ، زىمبابۇۋې ھۆكۈمىتى مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مەمۇرى رايونلىرىنىڭ پىلانلىنىشىنى تەرتىپكە سېلىپ ، ئەسلىدىكى 7 ئۆلكىسىنى 8 قىلدى . ئۇلار : غەربى ماشاۋناران ئۆلكىسى ، ئوتتۇرا ماشاۋناران ئۆلكىسى ، مانىكاران ئۆلكىسى ، مەركىزى ئۆلكە ،ۋېكتورىيە ئۆلكىسى ، شىمالى ماتابېلېران ئۆلكىسى ، جەنۇبى ماتابېلېران ئۆلكىسىدىن ئىبارەت .

**(بۇ ماقالە خىتايچە « يەر نامىلىرى بىلىمى » ژورنىلىنىڭ 1983 - يىل 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)**

دېمەك، ئىنگلىز تىلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنىڭ ئۇ قەدەر كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ بىردىن - بىر سەۋەبى دەل مانا شۇ. ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، زالىم - زوراۋان كۈچلەر سىياسى ، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ھەر قانداق تەجاۋۇزچىلىق ھۆكمرانلىقىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرالمايدۇ. چۈنكى، «ھەقىقەت ئەل ئارا شۇكى ، ئۇ جىمىزار قىلماق ئوكيانىنى.» شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىنىڭ ھەرقانداق ھەق - ھوقۇقىغا تەجاۋۇز

قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ! ______ ھازىرقى دۇنيا بۇرۇنقىدەك بۇرۇختۇملۇق ئىچىدىكى دۇنيا ئەمەس! خەلقلەر بارغانسىرى ئويغىنىۋاتىدۇ ، ئادالەت ، ھەققەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دولقۇنى پەيدا بولىۋاتقان ، رەزىل كۈچلەر غۇلاپ كېتىۋاتقان ، ئادالەت ، ھەققەت باش كۆتىرىۋاتقان كۈرەش قايناملىرىدىكى دۇنيا!

خوش ئەمدى خىتاي تىلى ھەققىدىكى ئىنكاسلارنى كۆرۈپ باقايلى:

بۇ جەھەتتە بىز باشتا تىلغا ئالغان جەيمز چىچۋود ئەپەندىم مۇنداق دەيدۇ: « .... دېمەك خىتايلارنىڭ ئىمپېرىيىسىنى ئۇيغۇر قانلىق، ئۇلۇق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەملەر قۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، خىتاي مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. بۇ مەدەنىيەتنى خىتايلارغا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاتىلىرى تاپشۇرغان. خىتايلارنىڭ داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر ساقلانماقتا. ھەر قانداق خىتاي ئالىمى بۇنى سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ.» ( قاراڭ: «مۇ قۇرۇغلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، **228** ـ بەت)

ئەمدى فۇدەن ئۇنىۋېرستى جۇڭگو ئەدەبىياتى تىل گورۇپپىسى تەرىپىدىن كوللېكتىپ تۈزۈلگەن «تىل توغرۇلۇق ئاساسىي بىلىم» ناملىق كىتاپتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تارىختا خىتاي يېزىغىنىڭ ناھايىتى چوڭ تۆھپىسى بار، ئەمما ئۇنىڭدا ئېغىر كەمچىلىكلەر مەۋجۇت. بۇنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرىنەرلىگى، ئۇنىڭ تىلدىن ئايرىلغانلىغىدۇر..... خىتاي يېزىغى مەنا ئىپادىلىگۈچى يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ـ بىر خېتى بىر شەكىلگە ئىگە. شۇنىڭدەك بۇ خەتلەرنىڭ شەكلىنى كۆرۈش بىلەنلا تاۋۇشنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ. تاۋۇشنى ئوقۇش بىلەنلا يازغىلى بولمايدۇ ۋە شەكلىنى كۆرۈپ تاۋۇشنى ئوقۇش بىلەن تېخى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈك يادلىۋېلىش كېرەك. بۇ ھال خىتاي يېزىغىنى ئۆگۈنۈش ۋە قوللۇنۇشتا ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. لۇشۈن ئەپەندى ئۆز ۋاختىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: « بىزنىڭ جۇڭگونىڭ يېزىغى كەڭ ئاممىغا مەرتىۋە ، ئىقتىسادىي چەكلىمىلىرىدىن باشقا يەنە بىر ئىگىز بوسۇغا ـ قىيىنچىلىقنى قوشماقتا. مۇشۇ بوسۇغىدىن ئۆتۈش ئۈچۈنلا ئون نەچچە يىللاپ ۋاقت سەرپ قىلمىسا ئۇنى بېسىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ.(«لۇشۈن ئەسەرلىرى» ، **6** ـ توم، خىتايچە نەشرى، **74** ـ بەت). دەرۋەقە خىتاي يېزىغىدا تۆت قىيىنچىلىق بار. ئۇلار : ئۆگىنىش قىيىن، تونۇش قىيىن، ئەستە ساقلاش قىيىن، يېزىش قىيىن دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەققەتەن ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش، چوڭلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش ئىشى ۋە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش خىزمىتىدە ئېغىر يۈك بولۇپ قالدى. .....ئىككىنچىدىن خىتاي يېزىغى قوللىنىش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە مەدەنىيەت ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ماسلىششتا ناھايىتى زور تۇسالغۇ بولماقتا. ....ھازىرقى زامان خىتاي تىلى فونىما سېستىمىسىنىڭ ئاددىيلىششى ، لۇغەت تەركىۋىنىڭ كۆپ بوغۇملىششى ۋە گرامماتىكىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشى بىر تەرەپتىن ھازىرقى تاق بوغۇملۇق مەنانى ئىپادىلەيدىغان كاتەكچە شەكىلدىكى خىتاي يېزىغىنىڭ ھازىرقى زامان خىتاي تىلىنى توغرا خاتىرلەش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىيالمايدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى....» (شۇ كىتاپ، **71** ـ **76** بەتلەر.)

مانا ئەھۋال.

دېمەك، بۇ مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ، نەچچە ۋاقتتىن بۇيان ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» چاقىرىغى ۋە ئەگەشمىچىلىكنىڭ نەقەدەر خاتا بولغانلىغىنى ، دېمەك،

www.uyghurkitap.com

ئىلىم ـ مەرىپەتتە يۈكسىلىشىنىڭ تايانچى ئاساسى ئىنگىلىز ۋە خىتاي تىل ـ يېزىغى ئەمەسلىگىنى، ھەقىقىي بىلىم تىلى دەل ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىگىنى  چۈڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ، ئەلبەتتە.

## كىچىك خۇلاسە:

ئەمدى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنلىرىمىدىن قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ:

### 1) تارىخىي ، ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىدىن:

(1) ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ھەر قانداق مىللەت ۋە تىل ـ يېزىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كاتتا روللارنى ئوينىغان بولۇپ، پارلاق ئىنسانىي مەدەنىيەتنىڭ تۈنجى قەدىمىي ئۇستازىدۇر.

(2) مانا شۇ سەۋەپلىك ئۇيغۇرلار دۇنيا ئالىملىرىنىڭ زوق ـ ئىشتىياق بىلەن ھۆرمەت ـ ئىززىتىنى قازانغان ۋە ئۆگۈنۈش، تەتقىقات ئوبېكتىغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ، شانلىق مەدھىيۋىي تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا كەلگەن.

(3) ئىنگىلىز ۋە خەن تىل ـ يېزىغى بولسا نۇرغۇنلىغان ئىلمىسىزلىكلىرى تۈپەيلى كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان تىل ـ يېزىق ئىكەنلىگى ، ھەتتا زور ھەجىمدە ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلىدىغانلىغى ۋە شۇڭا ھەرگىزمۇ بىلىم ـ مەدەنىيەت تىل ـ يېزىغى بولالمايدىغانلىغى ئايان بولماقتا.

### 2) ئىلمىيلىگى جەھەتتىدىن:

(1) ئۇيغۇر تىلى يېزىغى — بىر خىل ھەرپ بىر خىل تاۋۇشنىڭ بەلگىسى بولۇشتەك فونېتىكىلاشقان يېزىق بولۇپ ، ئىنگىلىز ۋە خىتاي تىللىرىدىكىدەك مۇرەككەپچىلىكلەر مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا قىسقا مۇددەتتە ساۋات چىقىرىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش مەخسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئىنگىلىز ۋە خىتاي تىللىرىدا ساۋات چىقىرىش ئۈچۈنلا ئايلاپ جاپالىق ئۆگۈنۈش ، مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(2) ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولمايدىغان چەتئەل تىلى تاۋۇشلىرى يوق دېيەرلىك. ئەمما چەتئەل تىلى تاۋۇشلىرىدا ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەشتە نۇرغۇن كەمچىلىكلەر مەۋجۇت. بولۇپمۇ خىتاي تىلى تاۋۇشلىرى بەكمۇ يېتىشسىزلىك قىلىدۇ. شۇڭا ، ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ھەر قانداق مىللەت تىلىدىكى ئىسىم ـ ناملار ۋە ئاتالغۇلارنى خاس ئاتىلىشى بويىچە يازغىلى بولىدۇ. ئەمما باشقا تىللاردا ، خۇسۇسەن خىتاي تىلىدا مۇنداق قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت ئەمەس، تاۋۇش ئۆزگۈرۈش ھەتتا مۇتلەق غەيرىچە نام بىلەن ئاتاش بۇ تىللارنىڭ رۇشەن يوقۇتۇش خارەكتېرلىك ئالاھىدىلىگى. بۇ سەۋەپلىك بۇ تىللاردا شەكلى ئۆزگەرگەن تىل ـ يېزىق ئاسمىلاتسىيىچىلىگى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ! ئىپادىلەش كۈچى ئەڭ تۆۋەن، دېمەك تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بىرەل بىرەلمەيدۇ!!!

(3) ئۇيغۇر تىلىدا ھەر قانداق مەۋجۇداتنىڭ ئۆز نامى ئەينەن ئىپادىلىنىدۇ. باشقا تىللاردا، خۇسۇسەن ئىنگىلىز ، خىتاي تىللىرىدا مۇنداق ئېنىقلىق مەۋجۇت ئەمەس.

(4) ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىنىڭ سانى باشقا تىللارنىڭكىدىن ، خۇسۇسەن ئىنگىلىز ۋە خىتاي تىللىرىنىڭكىدىن خېلىلا ئاز بولسىمۇ ساپلىق دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇش بىلەن ھەر قانداق

ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە باشقا ساھەلەردە ئىپادىلەش كەمچىللىگى مەۋجۇت ئەمەس. جۈملىدىن كىلاسسىك ئەسەرلەردىن تارتىپ ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىگىچە بولغان ھەر قانداق ئىلىم تۈرلىرىدە يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەش ئىقتىدارى بار.

**(5)** گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇكەممەل ، قېلىپلىق بولۇپ ، باشقا تىللاردىكىدەك ، خۇسۇسەن ئىنگلىز ، خىتاي تىللىرىدىكىدەك قېلىپسىزلىق ، ئۇقۇم مۇجمەللىگى ياكى كەمتۈكلۈك مەۋجۇت ئەمەس.

**(6)** ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرى ئىخچام، ئەمما مەنىسى كۆركەم بولۇپ بەزى تىللاردىكىدەك كېلەڭكەيلىك ۋە چۇشۇنۇكسىزلىك مەۋجۇت ئەمەس.

**(7)** لۇغەت بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىغىنىڭ مۇكەممەل ئاساسى. ئۇنى ئىشلەش ـ پايدىلىنىش قانچە قۇلاي بولسا شۇنچە تېز ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر لۇغەتچىلىگى مانا بۇ جەھەتتىمۇ بەزى تىللاردىكىدىن ، خۇسۇسەن ئىنگلىز ۋە خىتاي تىللىرىدىكىدىن ئالاھىدە ئىلغار ۋە مۇكەممەللىگىنى نامايان قىلالايدۇكى، سۆز تۈنۈش بەلگىسى، سۆز ئىزدەش ئاۋارىچىلىغى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

**(8)** ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىدە بەزى تىللاردىكىدەك ئوقۇلمايدىغان ھەرپلەر بولمىغاچقا ، بولۇپمۇ خىتاي تىلىدىكىدەك ئاۋال سۆزلەمنىڭ لاتىنچە شەكلىنى يېزىش، ئۇنىڭدىن كېيىن كېرەكلىك خەتنى تاللاشتەك بىر نەچچە باسقۇچلۇق خەت يېزىش مەشخۇلاتىغا ئېھتىياجىمىز بولمىغاچقا كومپيوتېر بىلەن خەت يېزىش ـ ئۈچۈر يوللاش تېزلىگىمىز يۇقىرى، قازىنىدىغان ئۈنۈم مول بولۇپ، زامانىۋىي پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدا ھەر قانداق تىلدىن ئىلغار تىل ـ يېزىقتۇر.

## 3) ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېلوگىيە جەھەتتىكى بىلىملەرنى تېز سۈرئەتتە ئىگەللەشكە ئاسان بولۇش ئەۋزەللىگى جەھەتتىن:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يېزىغى ئەرەپ تىلى يېزىغىغا خېلىلا ئوخشايدۇ. شۇڭا :

(1) ئەرەپچە ھەرپلەرنى ئۆگىنىشتە تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى ۋە بۇنىڭ بىلەن قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس ـ شەرىپلەرنى ئوقۇشنى ئۆگىنىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

(2) ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى ، بۇنىڭ بىلەن ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېلوگىيە جەھەتتىكى بىلىملەرنى تېز سۈرئەتتە كۆپلەپ ئىگەللىگىلى بولىدۇ.

لاتىنچە بولۇپمۇ خىتايچە يېزىقلاردا مۇنداق تېزلىكنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىنگلىز ۋە خىتاي تىللىرى تەرەپدارلىرى، جۈملىدىن سىياسەت ئەربابلىرى بۇ مەسىلىدە چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرۈشلىرى كېرەك. خۇسۇسەن خىتايلار ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى ئۆگىنىشنى تارىخىي بۈرچ سۈپىتىدە تونۇشى كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلالىسا تەلەپپۇز كەمتۈكلىگى ۋە قىيىنچىلىغىدىن قۇتۇلۇپ ، باشقا تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ زور ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر مۇنداق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسە، ئەۋلاتلىرىنى (ۋە باشقىلارنىمۇ) قاتمۇ ـ قات ئېغىر تىل ـ يېزىق ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ئازاۋىدىن مەڭگۈ قۇتۇلدۇرالمايلا قالماي، ئۇچقانداق تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا مەڭگۈ ماسلىشالمايدۇ.ھەتتا جەمىيەتنىڭ شاللىۋېتىشىگە ئۇچرايدۇ!

قېنى ئەمدى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى چەتكە قاققۇچىلار ھەتتا تۆھمەتلىك گەپلەرنى قىلغۇچىلار ئوبدانراق ئويلىنىپ باققاي! ______ زادى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى خىلمۇ ـ خىل

www.uyghurkitap.com

تۆھمەتلەرنى چاپلاپ  چەتكە قېقىش ئوبيېكتى قىلسا بولامدىكەن؟

ئەگەر يۈرگىدە ئىمان، ۋىجدان تۇيغۇسى بارلا بولسا ئەمدى يانىلا كورلارچە جاۋاپ قايتۇرماس، ئىنشا ئاللاھ!

## 3.تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلار

ئەمدى تۆۋەندىكچە تەلەپ ۋە تەشەببۇسلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن :

1) يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىزنىڭ مۇشۇ يېزىغىمىز 50 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەرگىزمۇ «تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بىرەلمەيدۇ»، «تەرەققىياتقا ماسلىشالمايدۇ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ» ئەمەس، بەلكى تىلنى ئەڭ توغرا ئىپادىلەپ بىرىۋاتىدۇ، تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئەڭ ياخشى ماسلىشىۋاتىدۇ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغىمۇ ئەڭ ياخشى ماسلىشىۋاتىدۇ. شۇ ھالدا خەلقىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي - سىياسى شۇنداقلا پەن - تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىغا ئالەمشۇمۇل ۋاستە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن  ھە دېگەندە يېزىق ئىسلاھ قىلىش، يېزىق ئالماشتۇرۇش  بىلەن بەنت بولىۋاتقان ئالىم - پرو- فېسسورلىرىمىزغا ئەمدى بەس! بىزنىڭ يېزىغىمىز سىلەرنىڭ خالىغانچە يۆتكەپ ، ئالماشتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغان شاخمىتكىلارنىڭ ئۇرىغى ئەمەس! سىلەرنىڭ خۇسۇسى مۈلكۈڭلار ئەمەس! قىلغىلى ئىش تاپالمىساڭلار بىپايان يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ سىلەرگە ئاش-نان ، كىيىم - كېچەك تەييارلاپ بېرىۋاتقان دېھقان قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن ھال - مۇڭ بولۇڭلار، دەردىگە قۇلاق سېلىڭلار!

2) ئەمدى نىمە قىلىش كېرەك؟

(1) ئەمدى ئۆتكەن بىر مەزگىل مەجبۇرى قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتاتغۇ بىلىك» ۋە باشقا كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە ئاتالمىش «يېڭى يېزىق» ھەرپلىرى تاۋۇش بەلگىسى (ترانسكرىپسىيە) ئورنىدا ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يېزىق بىلەن نۇرغۇنلىغان كىتاپ ، گېزىت - ژورنال نەشر قىلىندى.

تۆۋەنگە قاراڭ :

1. «قۇتاتغۇ بىلىك»تىن پارچە:

# D

B13

## BISMI'LLAḤI'R-RƏḤMANI'R-RƏḤIM

### 1
### TƏŅRI ‘ƏZZƏ WƏ JƏLLƏ
### ƟGDISIN AYUR

1 bayat atï birlə sɵzüg baxladïm
terütgən igiḍgən kəqürgən iḍim

2 ɵküx ɵgdi birlə tümən miņ ŝəna
uƣan bir bayatķa aņar yoķ fəna

3 yaƣïz yə̣r yaxïl kɵk kün ay birlə tün
terütti həlayiķ ɵḍ ɵḍlək bu kün

4 tilədi terütti bu bolmïx ķamuƣ
bir ɵk bol tə̣di boldï ķolmïx ķamuƣ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرجىمىسى:

D

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

(ئايغۇچى ۋە كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ
ئېتى بىلەن باشلايمەن)

## بىرىنچى باپ
## ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى باياندا

1 خۇدا ئاتى بىرلە سوزۇم باشلىدىم،
تورەلتكەن، ئوستۇرگەن، كەچۇرگەن ئىزىم[14].

2 تولا مەدھى بىرلە تۇمەن مىڭ سەنا
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا[15].

3 قوڭۇر يەر، يېشىل كوك، كۇن، ئاي بىرلە تۇن—
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۇن.

4 ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۇتۇن،
ئۇ بىرلا دىدى "بول"، بار ئولدى پۇتۇن.

37

**2. « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىن پارچە:**

ئاخىرى مات بولۇپ قالغان كىشىگە «اُوبْ اُوبْ *θp*

*θp*» دېيىلىدۇ.

اُوتْ ot ئوت. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُوتْ تِيسا آغىزْ كُيْماسْ — *ot təsə aqïz kθymas* — ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس. بۇ ماقال قىلىپ تاشلىغان سوزىگە ئوزرە ئېيتىقان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

اُوتْ θt («و - ۋاۋ» ھەرپى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تام ياكى ياغاچ توشۇگى.

اُوتْ θt («و - ۋاۋ» ھەرپى يۇقۇرىدىكىدىنمۇ يۇمشاقراق تەلەپ-پۇز قىلىنىدۇ) ئوت، ئوت خالتىسى.

اُوجْ θq ئوچ، ئاداۋەت، كەك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُوجْ كَلكْ قَمُغْ كِشي نِنْكْ يَلِنكُوقْ اُوزا آلِيمْ بِيلْ

آذْكُولُوكُوكْ اوُغَنْجا آلِكِينْكْ بِيلا تَلِيمْ قِيلْ

*θq kək ķamuoq kixiniŋ yalïŋuk üzə alïm bil*

*əżgülükög uoqanqa əlikiŋ bilə təlim kïl*

[ئوچ - كەكنى ھەممە كىشىنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى ئېلىمى (دەپ) بىل، ياخشىلىقنى قولۇڭدىن كېلىشىچە كوپ قىل.]

ئوچ - ئاداۋەت تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدىغان قەرزگە ئوخ-شايدۇ، ئۇنىڭدىن كەچ؛ شۇنى بىلىپ، چەتتىن كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. باشقا كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىن پارچىلار:

O xul oɑɥulnuŋ eŋlügi qiraɑɥi kek ərdi , aɑɥzi atax кizil ərdi , kezləri al , saqlari кaxlari кara ərdilər ərdi .

(بۇ ئوغۇلنىڭ ئۆڭ ـ چىرايى كۆك ئىدى، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى.) («ئوغۇزنامە» 25 ـ بەت)

Kənə künlərdə bir kün oɑɥuz кaɑɥan bir yərdə təŋrini yalbarɑɥuda ərdi , кaraŋɑɥuluк kəldi . Kektün bir kek yaruк tüxti .

(كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخاقان بىر يەردە تەڭرىگە سىغىنىۋاتقىنىدا ، (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى.)
(«ئوغۇزنامە»، 28 ـ بەت)

Bilgilig bilgisiz кaqan təŋ bolur,
Bilgilig tixi ər , ja

(بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ.
بىلىملىك چىشى (ئايال) گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.
(«ئەتەبەتۇلھەقايىق»، 18 ـ بەت)

Tüxtə kersəm xum rekibi bəstəni ,
Oyɑɥanurmən turfə qüqüp dilbərim .

(چۈشۈمدە پەس رەقىبلەرنى كۆرسەم، بۇلەكچىلا چۆچۈپ كېتىمەن، دىلبىرىم.)

(«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 486 ـ بەت)

Padixah ərkani dəwlət bilən ezləri qikip , bu halni kerüp , hərət ilgini təəjjub dandanida tixləp orduɑɥa təklip kilip alip kətti .

(پادىشاھ ئۆزى دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن بىللە چىقىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيرەت قولىنى تەئەججۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلىدى(قاتتىق ھەيران بولدى).ئاندىن ئۇنى تەكلىپ بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كەتتى).

(مۆجىزى:«مۇزىكانتلار تارىخى»، قولیازما، 9 ـ بەت.)

Anun baxinda ataxluɑɥ yarukluɑɥ bir meni bar erdi .

(ئۇنىڭ پېشانىسىدا چوغدەك پارقىراق بىر مېڭى بار ئىدى.)

( «ئوغۇزنامە» ، 28 ـ بەت . )

Nəgü kolsa bərgil bularka tükəl,

(ئۇلار) نىمنى تىلىسە بەرگىن سەن تۈگەل ،

Bularnin tilindin əzün satɑin al .

ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئۆزىنى سېتىۋال .

( «قۇتادغۇبىلىك» ، 908 ـ بەت . )

Jan barinqə kilmaɑay lutfi fiɑan bidadin ,

Dadkim , bərsun , kilur qün jəwr sultanim mənin

(لۇتفى ئىلاجىكى بار زۇلۇمدىن پىغان چەكمەيدۇ ،بىراق ، مېنىڭ سۇلتانىم زادى نىمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا جەبىر سالىدۇ ،دەپ شىكايەت قىلىدۇ . )

( «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ، 242 ـ بەت . )

Akibətulomur bu ikki dəryayi ləxkəri hun axamlarnin aralarinda bir mənzildin ziyadə musafət kalmadi .

(نەتىجىدە بۇ ئىككى تەرەپتىن سەلدەك كېلىۋاتقان قان تۆكەر لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا بىر مەنزىلچىلىكلا ئارىلىق قالدى) .

( «تارىخىي ئەمىنىيە» دىن . )

يەنە قانچىلىغان مىسال ــ پاكىتلارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن .

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يېزىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك مانا شۇنداق ئەسەرلەرنى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ چۈشۈنەلىشىگە مۇمكىن بولسۇن ئۈچۈن ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى» نى ۋاقىتلىق ساقلاپ قېلىش (قوللىنىش مەخسىتىدە ئەمەس) ، ئەمما ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» ۋە «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دېگەن يېزىقلارنى بولسا قىلچىمۇ كېچىكتۈرمەي يېزىق مەيدانىدىن قاتتىق سۈر تۇقاي قىلىپ قوغلاپ چىقىرىش كېرەك! چۈنكى، بۇ يېزىقلار بىزنىڭ ئۆز يېزىغىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، كۆزگە ئىلماسلىق كەيپىياتى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ماھىيەت جەھەتتىن مەركەزدىن قاچۇرۇش، ھەتتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغۇسىز تارىخىي ئۈزۈكچىلىك ، تارىخىي يوقۇلۇش بىلەن مۇجەسسەملەنگەن، ھەتتا ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتىمىزنىڭ نۇر ـ مەشئىلى بولغان ئۇلۇق قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن يۈكسىلىش مەخسىدىمىزگە بالدۇرراق يېتىشىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان جىنايەتچى يېزىقلاردۇر، قاتتىق ھوشيار بولايلى!

ئۇنۇتالمايمىزكى، 1957 ـ يىللا لەنەت تەككۈر يېزىق ئالماشتۇرۇش قارا بورىنى چىقىپ ، پەيدىن ـ پەي كۆچۈيۈپ، 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە بىراقلا «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى» نى قوللىنىش بۇيرۇقى كەلدى ۋە گۆھەردەك يېزىغىمىز «تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ» ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ» ، «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ» دېگەن تۆھمەت ـ ھاقارەتلەرگە دۇچار بولدى ۋە قوللىنىشتىن قالدۇرۇلدى . ئورنىغا خىتاي تىلى لاتىن ئېلىپبەسى سىستېمىسىغا ئۇيغۇن ئېلىپبەلىك يېزىق سىستېمىسىنى قوللىنىش ، سۆز ـ ئاتالغۇلارنى خىتايچىدىن قوبۇل قىلىش ئىشى ئەۋجىگە كەلدى!!!

شۇنىڭ بىلەن زور كۆپ سانلىق زىيالىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر  خەلقى ساۋاتسىز قالدى ۋە قاتتىق نارازىلىق پەيدا بولدى. ئەمما ئەۋجىگە كەلگەن بۇ قارا بوران 1966 ـ يىلى پەيدا بولغان لەنەت تەككۈر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زىيالىلىرىمىز «ئوڭچى» ، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» ئاتىلىپ دەھشەتلىك كۈرەش قىلىندى ھەتتا تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ پاجىئەلىك قىيىن ـ قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى! ...... شۇنداق بولسىمۇ خەلقنىڭ نارازىلىقى يانىلا  بېسىقمىدى. نەتىجىدە  1982 ـ يىلىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ ، «كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىپ باقمىدى ھەم ھازىر تېخى شارايىت پىشىپ يېتىلمىدى.» (ۋېي سۈيىي : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 ـ يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» (مەركىزى ئاسىيا ژورنىلى ، 1993 ـ يىل 3 ـ ، 4 ـ سان، ئىنگلىزچە نەشرىگە قاراڭ) دەپ، ئەنە شۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى»نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

مانا شۇ ھالدا 20 يىللاپ قوللىنىشتىن توختاپ قالغان يېزىغىمىز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپتىكى كاتتا تايانچلىق رولىنى بىر ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ خەلقئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتىمۇ ئاجايىپ سېھرى كۈچىنى نامايان قىلىپ ، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك نۇرغۇن پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ مۇكەممەل شەرھلىنىشىگە ۋاستە بولۇشقا باشلىدى.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس ، يېقىنقى قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى» ، «ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى» دېگەنلەر پەيدا بولدى ۋە ئۇزۇن يىللاپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان يېزىغىمىزغا «يانداش قوللىنىش» نامى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ئۇچۇن سۇنۇلدى.

بۇ زادى نىمە ئىش؟

زادى بىزنىڭ ئۆز يېزىغىمىز نېمىشكە ھە دېگەندە «ئور ، قوغلا» زەربىسىگە دۇچ كېلىدۇ؟

زادى بىزنىڭ زىيالى ئاتالغان ئەرباپلىرىمىز نېمىشكە مۇنداق تەتۈر شامال ، قارا قۇيۇنلارنى دەرھال پەرق قىلالمايدۇ ۋە زادى نىمە ئۇچۇن يېزىق ئۆزگەرتىش سەۋەپلىك پەيدا بولىدىغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ۋاختىدا تونۇپ يېتەلمەي ھە دېگەندە ئەگىشىپ كېتىدۇ؟

زادى بىزنىڭ ئۆز يېزىغىمىزنىڭ گۇناھى نىمە؟

مۆھتەرەم خانىملار، ئەپەندىلەر !

بۇ ئىككى خىل يېزىق  ھازىر «شارايىت پىشىپ يېتىلمىدى» مەزگىلىدە تۇرىۋاتىدۇ، ھوشيار بولايلى ۋە بۇ ئىككى خىل يېزىقنى قەتئىي قوللانمايلى! «شارايىت پىشىپ يېتىلدى» دېيىلگەن ۋەزىيەت

شەكىللىنىپ بىر بۆيرۈق بىلەن كۆتۈلمىگەندە ئۆز يېزىغىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق ، ئالدى كەينىمىزنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالىمىز، ھەتتا ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قاتتىق لەنەت ـ نەپرىتىگە قالىمىز ۋە ھەتتا تارىختىن بالدۇرراق يوقۇلۇشقا مەھكۇم بولىمىز!

قاراپ بېقىڭ!____________

ئەسئەت سۇلايمان ئەپەندىم «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتاۋىنىڭ « خانلىق كۇتۇپخانىدا ئانا يۇرتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن مۇڭدىشىش» ناملىق ماۋزۇسى (20 ـ باپ ، **318** ـ بەت) بىلەن يازغانلىرىدا، شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق تونۇشتۇرما بىرىپ ، بۇ كۇتۇپخانىدىن كىتاپ ئارىيەت ئېلىشنىڭ بەكمۇ مۇشكۇللىگىنى ، چۈنكى سىرتقا بىرىلگەندە يوقۇلۇپ كېتىدىغانلىقتەك خەۋپنىڭ مەۋجۇتلىغىنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرستىتىكى كىتاپ ـ ماتېرىيالغا بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىغىنى، مەسئۇلىيەتسىزلىكلا ئەمەس بۇزغۇنچىلىقنىڭمۇ مەۋجۇتلىغىنى قاتتىق ئېچىنىش بىلەن تىلغا ئېلىپ، «... ھەتتا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئۇنىۋېرستىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى قايتا رەتلەيمىز، دەپ **60** ـ **70** ـ يىللاردا ئۇيغۇر ۋە قازاق يېڭى يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنغان كىتاپلارنى قەغەز قاتارىدا ساتقانلىغىنىمۇ كۆرگەن ئىدىم. ...... » دەپ يازىدۇ.

مانا، بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟

شۇ يېڭى يېزىقنى قوللۇنۇش بۆيرىغى بىلەن سانسىزلىغان ئۇيغۇر ، قازاق خەلقىنىڭ ساۋاتسىز بولۇپ قالغانلىغى ئاز بولۇپ قالغاندەك، شۇ زاماننىڭ زىيالىلىرى يازغان كىتاپلار مانا شۇنداق «رەتلەش، شاللاش» نىڭ ئوبيېكتى قىلىنىپ يوقىتىۋېتىلىشى زادى نىمىنى چۈشەندۇرىدۇ؟

كىتاپ دېگەن بىر مىللەتنىڭ تارىخى، مائارىپى، مەدەنىيىتى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ...... قاتارلىق نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ساھەلىرىگە تاقىلىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىغىنىڭ مەنبئى ئەمەسمۇ؟

مانا ئەمدى ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» ، «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دېيىلگەن يېزىقلار «شارايىت پىشىپ يېتىلگەن» ۋەزىيەت شەكىللىنىپ دەرھال ئومۇملاشتۇرۇش بۆيرىغى كەلسە ۋە ئاندىن كۆتۈلمىگەندە يېڭىۋاشتىن «رەتلەش» سىياستى چىقىپ ، نۆۋەتتىكى يېزىغىمىز بىلەن يېزىلغان **50** نەچچە يىللىق كىتاۋى بايلىغىمىز بىراقلا يوق قىلىۋېتىلسە قانداق قىلماقچىمىز؟؟؟؟؟

ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، رۇسلار تىلىمىزدىكى < ئىبراھىم > نى < ئىبراگىم > ، نېمىس تىلىدىكى < ھىتلېر > نى < گىتلىر > دەپ يازىدۇ، ئەجەبا ئۇلار : « بىزنىڭ يېزىغىمىزدا باشقىلارنىڭ تىلىدىكى ئىسىم ـ ناملارنى توغرا يازالمايدىكەنمىز» دەپ «رۇس لاتىن يېزىغى» دېگەن بىر خىل يېزىقنى ئىجات قىلىپ بېقىپتىمۇ؟ ئىنگىلىزلار< ئۇيغۇر > ئاتالغۇسىنى «ۋىگۇر» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ ۋە <uigu>، <uygu> <**uyghu**> دەپ يازىدۇ . ئەجابا ئۇلارمۇ «بىزنىڭ يېزىغىمىز باشقىلارنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى توغرا يېزىشقا يارىمايدىكەن» دەپ «ئىنگىلىز ئۇيغۇر يېزىغى» پەيدا قىپتىمۇ؟ ماۋۇ خىتايلارمۇ <ئۇيغۇر> نى <ئۇيغۇر> دېيەلمەي ۋە يازالماي < ۋېيزۇ > دەپ يازىدۇ. ئەجەبا ئۇلارمۇ «بىزنىڭ يېزىغىمىز باشقىلارنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى توغرا يېزىشقا يارىمايدىكەن» دەپ «خىتايچە ئۇيغۇر يېزىغى» دېگەندەك بىر يېزىقنى ئىجات قىلىپتىمۇ؟.................؟؟؟

ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلغىنى يوق!

ئۇنداق بولسا بىزگە نىمە لاۋزىلىق؟

بىز يېزىقنى باشقىلارنىڭ رايىغا ، باشقىلارنىڭ مائارىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قوللىنامدۇق ياكى ئۆزىمىزنىڭ ماتارىپى ئۈچۈنمۇ؟
خەير، ئەمدى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر قانداق زىيالى، ھەر قانداق ئىلىم ئەھلى، يەك دىللىك بىلەن مۇشۇ يېزىغىمىزنىڭ كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرەيلى! بۇ يېزىغىمىزدا ساۋادى يوقلار سەۋرچانلىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئاساسىدا ئۇيغۇر بىلىم دۇنياسىغا قەدەم تاشلايلى! بىزنىڭ بۇ يېزىغىمىز ـ گۆلدەك يېزىق ، تىلىمىز بۇلبۇلدەك تىل. سۆيۈملۈك 32 ھەرپتىن تۈزۈلگەن مۇشۇ تىل ـ يېزىغىمىز بى باھا گۆھەر! مۇشۇ تىل ـ يېزىغىمىز بىلەن 50 نەچچە يىلدىن بۇيان سانسىزلىغان كىتاۋىي بىلىم خەزىنىسى بەرپا قىلدۇق! ئەمدى قالايمىقان يېزىقلارنى قوللىنىشقا ئەگىشىپ ، ئەخمىقانە خىياللارغا بېرىلىپ بۇ قىممەتلىك كىتاۋىي بايلىغىمىزنى نابۇت قىلىۋەتسەك ئەۋلاتلىرىمىز ۋە تارىخ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلىمىز!
بۇ ئۈچۈن:
ئا: باشتا دەپ ئۆتكىنىمدەك،«ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى» ناملىق يېزىقنى ۋاقتلىق ساقلاپ قېلىش، باشقا خىل لاتىنچە يېزىقلارنى شەرتسىز ئىناۋەتسىز قىلىش، قوللانماسلىق؛
ئە: تور بەت نامىلىرىنىلا لاتىن ھەرپلىرى بىلەن يېزىشتىن باشقا ئورۇندا مۇتلەق ۋە مۇتلەق ئۆز يېزىغىمىزنى قوللىنىش؛
ب: تور بەت ۋە باشقا ئىلمىي ساھەلەردە ئۆز يېزىغىمىزدا يېزىلمىغان ئەسەر ـ ئىنكاسلارنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىق؛
پ: يېزىق ۋە ئىملا ئۆزگەرتىش ياكى ئىسلاھ قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق ماقالە ـ ئەسەرلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىق؛
ت: توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراق باغاقلىرىنى قەتئىي ۋە قەتئىي ئۆز يېزىغىمىزدا يېزىش لازىم.
مانا شۇ ئاساستا ئۆز يېزىغىمىزنىڭ كۈتۈلمىگەن زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچراپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشىنى جىددىي تەشەببۇس قىلىمەن!
(2) ئىملا مەسلىسىدە 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالىدا كۆرسىتىلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى» نى قوللىنىش ۋە ئاشۇ ئېلىپبە ئاساسىدا ئاشۇ يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگىنى قوللىنىشنى قەتئىيلىك بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.
ئەمەلىيەت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، 1984 ـ يىلنى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى قوللىنىشنىڭ ئالتۇن يىل ـ دەۋرى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز!
چۈنكى، بۇ يىلدا ئۇيغۇر تىلى يېزىغى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن. ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ تەلەپپۇز ئىقتىدارىنى ئەڭ ئۇيغۇن، ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئىپادىلىيەلەيدىغان ھالغا كەلگەن.
بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق،____
ئا: ئىلگىرى < ئو > ، < ئۆ > تاۋۇشلىرى < ئو > بىلەن ، < ئۇ > ، < ئۈ > تاۋۇشلىرى < ئۇ > بىلەنلا ئىپادىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەرنىڭ يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلىشى ئارىسىدا مۇجمەللىك يۈز بېرەتتى. بۇ مۇجمەللىك تۈزۈتۈلدى.
ئە: ئىلگىرى « ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى» ناھايىتى ياخشى ھەل قىلىنغان .

مەسىلەن، « < ك > ، < ق > ، < پ > تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، < گ > ، < غ > ، < ۋ > گە ئۆزگىرەتتى. مەسىلەن: چېچەك ـ چېچىگى ، چىراق ـ چىرىغى مەكتەپ ـ مەكتىۋى .... دېگەندەك.

ئاخىرقى تاۋۇشى < گ > ، < غ > بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ، يەنە شۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، < ك > ، < ق > غا ئايلىناتتى. مەسىلەن: چىگ + گەن = چىككەن ، باغ + غا = باققا ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى < ب > ، < د > جاراڭلىق تاۋۇشلىرى جانلىق تىلدا تۇپ سۆز هالىتىدە ئېيتىلغاندا جاراڭسىزلىشىپ < پ > ، < ت > بولۇپ ئېيتىلسىمۇ، ئۇ سۆزلەرگە ئېگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا ئەسلىدىكىدەك يېزىلاتتى. مەسىلەن: كۇلۇپ ـ كۇلۇبى ، ئىقتىسات ـ ئىقتىسادى ... دېگەندەك. » (ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن « ئۇيغۇر تىلى » ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، **1984** ـ يىلى **6** ـ ئاي **1** ـ نەشرى، **40** ـ بەت)

تىلنىڭ مۇنداق نازۇك، قىممەتلىك گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنىلىدىغان ھەر قانداق تىلدا مەۋجۇت.

دېمەككى، بىز تاكى مۇشۇ يىللارغىچە مۇشۇ ئالاھىدىلىگىمىزنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا ئاسان ۋە راۋان سۆزلەپ كەلگەن ئىدۇق.

ئەمما هازىرچۇ؟

هازىر تىل ئورگانلىرىمىزغا يوگەن سېلىندى، گالغا ئۆسمە پەيدا قىلىندى. تىلىمىز قاتتىقلىشىپ بارغانسىرى بوزۇلۇشقا باشلىدى.

تەلەپپۇز قىلىپ باقايلى: باغقا ، تاغقا دېمەك ئاسان ۋە راۋانمۇ ، تاققا، باققا دېمەكمۇ؟

بۇھەقتە سۆزلىسەك گەپ جىق. ئەمدى بولدى قىلاي.

مۆھتەرەم تىل ئەرباپلىرىمىز!

خەلقنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى بىلەن قالايمىقان ئويناشماڭلار!

ئەۋلاتلىرىمىز ئەجداتلىرىنىڭ يازمىلىرىدىن پايدىلىنالايدىغان بولسۇن. «قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرۈش» ئىشىنى سادىر قىلماڭلار...!!!

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى ئىملا مەسىلىسىدە ئاشۇ **1984** ـ يىلى تۈزۈلگەن « ئۇيغۇر تىلى » دەرسلىگىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرىلىشىنى جىددىي تەشەببۇس قىلىمەن.

3) مەلۇمكى، دۇنيانىڭ ھېچ قانداق يېرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتتە يۇكسىلىش ئانا تىلنىڭ ئورنىغا باشقا تىلنى % 95 قوللىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئەمەس ھەم ئاشۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. بەلكى ئانا تىلدا ئوتۇلگەن دەرسلا % 100 ئۆزلىشىدۇ، ئەلبەتتە. بۇ بىر مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ، ئالىقاچان ئىسپاتلانغان ئىلمىي قانۇنىيەت. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن بىلىمخۇمار تىرىشچاق، ئىجاتچان مەرىپەتپەرۋەر مىللەت . هازىرمۇ ۋە مۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق! بىزگە ئاتالمىش « قوش تىللىق مائارىپ » سىياستى تېڭىلمىسىمۇ بىز ئانا تىلىمىزدىن باشقا تىللارنى ئاڭلىق ، ئىستىخىيلىك هالدا ئۆگۈنۈپ، بىلىمنىڭ ھەر قانداق ساھەلىرىدە باشقىلاردىن ياخشىراق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

بولمىسا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە ئىشلەۋاتقان بىلىم ئەھلىلىرىمىزگە قاراپ بېقىڭلار، ـ بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز قايسى دۆلەتكە بېرىپ ئوقۇسۇن، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرلەردىكى ھەر قانداق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدى بولۇپ مۇنەۋۋەرلىك سالاھىيتىنى، بىلىم ئەھلىلىرىمىز كاتتا ئالىم ، پروفېسسور بولۇپ ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرنى يارىتىپ ، مىللىتىمىزنىڭ كاتتا شان ـ شۆھرەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم ـ مەرپەتنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىدا تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىمىز، دەيدىكەنمىز ، ئۇيغۇر مائارىپىدا جىددىي قاتتىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ جەھەتتە:

1) پۈتكۈل دەرسلەرنى تاكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر خاس ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇپ تاماملاش ئىشقا ئاشۇرۇلىشى كېرەك. باشقا تىللارنى بولسا «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»نى ئوقۇپ چۈشىنىشكە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن قوشۇمچە دەرس سۈپىتىدىلا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆگىنىشنى يولغا قويۇش كېرەك.

ئەمەلىيەت شۇنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدىكى، ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ بوينىغا سېلىنغان تاقاق، قولىغا سېلىنغان كويزا، پۇتىغا سېلىنغان ئىشكال ، ئاغزىغا سېلىنغان يۈگەن بولۇپ ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ناھايىتى ئۇستۇلۇق بىلەن مائارىپ ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىدىغان ۋە خىتاي تىل ـ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان ۋاستە بولۇپ قالدى !

شۇنداق بولغاچقا ئەۋلاتلىرىمىز فىزىلوگىيە جەھەتتىن تىلى قاتتىقلىشىپ ئانا تىلدا ئۆلچەملىك سۆزلىيەلمەيدىغان، پىسخولوگىيە جەھەتتىن خامۇش ، ھەتتا دېۋەڭ ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئانا تىلنىڭ بوزغۇنچىسى بولۇپ يېتىلىشكە باشلىدى.

تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆرۈپ بېقىڭ:

## ئاخۇنۇمنى يىغلاتقان نىكاھ

تويى بولۇپ ئاغىنىمىزنىڭ ،  
نىكاھىغا باردۇق سەھەردە .  
ئاخۇنۇمنى يىغلاتقان نىكاھ ،  
پۈر كېتىپتۇ پۈتۈن شەھەرگە .

خىجىللىقتىن قىزاردى چوڭلار ،  
باشلىغاچقا بوۋىلار سوراق .  
بايان ئەيلەي كىتاپخانلىرىم ،  
ئەسلى ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق :

ئىمام ئاخۇن باشلىدى تەپسىر ،  
شوك بولۇشتۇق ئايەتنى ئاڭلاپ .  
ھەيران بولدى مىنكاۋخەن يىگىت .  
چىقتى بىر قۇر ھەممىگە قاراپ .

«خاتۇنلۇققا قۇبۇل قىللىمۇ ؟»
ـ دېدى ئىمام ، يىگىتكە ، قىزنى !
ئىپادىسىز ئۇلتۇردى يىگىت ،
چۈشەنمىگەچ تازا بۇ سۆزنى .

قىستىغاچقا ئىمام جاۋاپنى ،
ـ «تا شوسا؟» دەپ باقتى قولداشقا .
توۋا! ـ دېدى بوۋىلار غەزەپ ـ
ـ بىلەن قاراپ دادا قاقباشقا .

پىچىرلىغاچ قولدىشى كۇلۇپ ،
« تۇگېي »، دېدى يىگىت ئالدىراپ ،
«ئاپلا! ...» دېدى ئىمام ئاخۇنۇم ،
توختىماستىن ساقالنى سىلاپ .

داۋام ئەتتى نىكاھنى ئىمام ،
بىر غەزەپتىن چاقناپ كەتتى كۆز .
تاشقىرىدىكى قىزنىڭ ئاغزىدىن ،
ئاران چىقتى « ھەئە! » دىگەن سۆز ...

تۇزلۇق ناننى يىگىتكە بەرسە ،
ھەيرانلىقتا دېدى: «جىگى سا؟»
چىرقىرىدى تاشقىرىدىكى قىز ،
« جىگى مو مو ،فىيچاڭ نەنچىلا! »......

ـ توۋا دېدى ئىمام غەزەپتىن ،
مۇشۇمۇ ھە بىزنىڭ باللار !!!!!
بىر قاباھەت يادىدىن كېچىپ ،
ھەسرەت !....دېدى ئاقباش بوۋايلار ....

ـ شەرەپلىك ئىش قوش تىللىق بولۇش ،
ئانا تىلنى ئۇنتۇش جىنايەت !
ئانا تىلسىز ئەلنىڭ كەلگۈسى ،
مۇقەررەركى قىزىل قىيامەت !

تامام بولدى بۇ نىكاھ شۇنداق ،
پوق يىگەندەك بوپ قالدى ھەممە .

www.uyghurkitap.com

ئىمام يىغلاپ دىگەن بۇ گەپلەر ،
بارچىمىزگە بولسۇن تەربىيە !!!!!!!

خاتىمە :
قىز دەپتۇمىش ئىمام ئاخۇننى ،
بۇ « داخۇزى نائىردى جۇجاك؟ »
ساددا يىگىت دەپتۇ ئىمامنى ،
« جىگى يى يى مەسچىتكە شۇۋجاك !!!!»

ـ شەرەپلىك ئىش قوش تىللىق بولۇش ،
ئانا تىلنى ئۇنتۇش جىنايەت !
ئانا تىلسىز ئەلنىڭ كەلگۈسى ،
مۇقەررەركى قىزىل قىيامەت !

قېنى، ئەمدى دەپ باقايلى، مائارىپنىڭ نىشانى مۇشۇنداق ئادەم يېتىشتۈرۈشمۇ؟

يەنە ئېيتساق ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلانغان «قوش تىللىق مائارىپ» سىنىغى ئەۋلادلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىگىنى تونۇش ۋە چۈشىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلماقتا . ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قۇمدەك چېچىۋېتىلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىرقانچە يىللىق ئۆزلۈكسىز ھاياتى جەريانىدا ئۇيغۇر تىللىق تەپەككۇردىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى تەۋە بولغان مىللىي مەدەنىيەتتىنمۇ بارغانسېرى يىراقلاشماقتا.

دەسلەپكى يىللاردا باشلانغۇچتىكى مەزگىللەردە ئەۋلادلىرىمىز ئۇيغۇرچە ئوقۇغاچقا ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بەكمۇ قىزىقاتتى. ئۇيغۇرچە كىتاپلارنى ئوقۇيتتى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ ‹قوش تىللىق مائارىپ› نىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە كىتاپلاردىن بارغانسېرى يىراقلىششقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن خەن تىلىنىڭ بېسىمى، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش تەقەززاسى ئۇيغۇر تىلىنى تاشلاپ قويۇش خەۋپىنى پەيدا قىلدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ ئاتا ـ ئانىلارغىچە ئۇيغۇرچە كىتاپلارنى ئوقۇتمايدىغان، پەقەت خەن تىلىدىكى دەرسلىك كىتاپلارنىلا ئۆگىنىشكە قىستايدىغان بولدى. .....

بولۇپمۇ باللىرىمىز يەسلىدىن باشلاپلا ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان تىلدا سۆزلەشكە مەجبۇرلىنىپ شاتۇتقا ئايلىنىۋاتىدۇ، باللارنىڭ ئەقلى سەۋىيىسىدىن ھالقىغان ماتېماتىكىلىق مەسىلەر ۋە بۇنى چۈشەندۈرىدىغان خەن تىل ـ يېزىغىنىڭ قايىنىمىدا بوغۇلۇپ، ئۆزىنىڭ «دۆت» ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىپ ئۈمىدسىزلىككە پېتىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلاردا «غايە» ئۇقۇمى سىرلىق، ئېقىل يەتمەيدىغان بىر دۇنيا؟!

قېنى، ئەمدى يەنە دەپ باقايلى، مائارىپنىڭ نىشانى مۇشۇنداق ئادەم يېتىشتۈرۈشمۇ؟

بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكمۇ؟

ئەمدى قاراپ باقايلى، بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز بوگۈن مەشھۇر ئىلىم ـ مەرىپەت پىشۋالىرىمىزنى قانچىلىك بىلىدۇ؟ خاس ئانا تىلىمىزدا تەپەككۇر قىلىپ بىرەر ئۆلچەملىك ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرنى قانچىلىك يازالايدۇ؟

زادى، بزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز باشقىلارنىڭ «تەجرىبە ماتېرىيالى» مۇ؟
نېمىشكە بىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە تەربىيىلىيەلمەيمىز؟
ئايانكى ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتە زامان - زاماندىن بۇيان قوللىنىۋاتقان دەستۇرلىرى بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس دەستۇرلىرى بولغان. بۇ يەردە، « ئەللەي ناخشىسى » بوۋاق قېنىغا ئانا سۈتى بىلەن تەڭلا ئۆزلىشىپ، كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان تەسىرلىرى بىلەن ئەجايىپ ساغلام ئىخلاس ، ئەقىدىلىك ئەۋلاتلىرىمىز يېتىلدىغانلىغى بىلەن بىر ئۆمۈر ، بەلكى ئەۋلاتمۇ - ئەۋلات پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.
كۆرۈپ باقايلى:

## ئەللەي بالام ئەللەي

ئاللاھ بەرگەن نېئمەتسەن، ئەللەي بالام ئەللەي
گۆھەردىنمۇ قىممەتسەن، ئەللەي بالام ئەللەي
دىنىم ئۈچۈن تۆھپەمسەن، ئەللەي بالام ئەللەي
سەن كەلگۈسى ئۈممەتسەن، ئەللەي بالام ئەللەي

يالغۇز ئەمەس بۇ باشىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي
پەيغەمبەردۇر يولباشىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي
ئاتا ئاناڭ سىرداشىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي
مۇئمىنلەر قېرىنداشىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي

زېمىن ساڭا راسلار ئاش، ئەللەي بالام ئەللەي
پەرۋىش قىلار ئاي قۇياش، ئەللەي بالام ئەللەي
قوغدار سېنى پەرىشتە، ئەللەي بالام ئەللەي
خىزمەتكاردۇر تاغۇ تاش، ئەللەي بالام ئەللەي

بولسۇن ئاللاھ يادىڭدا، ئەللەي بالام ئەللەي
قۇت ئىقبالىڭ ئالدىڭدا، ئەللەي بالام ئەللەي
پاكلىق بولسۇن زاتىڭدا، ئەللەي بالام ئەللەي
شان-شەرەپ بار قانىڭدا، ئەللەي بالام ئەللەي

ئاللاھ بەرسۇن ئىمانىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي
نۇرغا تولسۇن ئېقبالىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي
ھالال بولسۇن ئاشلارىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي
ئاسان بولسۇن ئىشلارىڭ، ئەللەي بالام ئەللەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هۆر يارالدىڭ ئالەمگە، ئەللەي بالام ئەللەي
نۇر تولدۇردۇڭ خانەمگە، ئەللەي بالام ئەللەي
خەلقىڭ كۈلسۇن تۆھپەڭگە،ئەللەي بالام ئەللەي
شەيتان چۆمسۇن ماتەمگە، ئەللەي بالام ئەللەي

ئەنە، بۇ ناخشىدىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ يارىتىلىش قىسمىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر مەنالار بىلەن مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ۋە ھەقىقەتەن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولامدۇ؟

دېمەككى ، ئۇيغۇر مائارىپى _____ ئەۋلادلىرىمىزنى ئاللاھقا سادىق، ۋەتەن ـ مىللەتكە ۋاپادار ، دېمەك ئىمان ـ ھايالىق ، ۋىجدان ـ جاسارەتلىك قىلىپ تەربىيەلەشنى تۈپ نىشان قىلدۇ ھەم قىلىشى كېرەك!

ئەمما ، ئەمدى ئەۋلادلىرىمىز مۇنداق قىممەتلىك تەلىم تەربىيە مۇھىتىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتسا بىز يانىلا سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋېرىشىمىز كېرەكمۇ؟

زادى ئەۋلادلىرىمىزغا بولغان ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىمىزنى پىداكارلىق بىلەن ئورۇنلىماسلىقىمىز كېرەكمۇ؟

پۈتكۈل دۇنياغا نەزەر سالساق ، ئىلىم ـ مەرىپەتتە نەچچە مىڭ يىل كېيىن تۇرىدىغان زور كۆپ سانلىق مىللەتلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىلا ئەمەس كاتتا ئالىي مەكتەپلىرىدىمۇ دەرسلەر مۇتلەق ئانا تىلدا ئۆتىلىدۇ. ئەمما بىزدەك پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتتىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ قىممەتلىك، ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلىپ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇستازى بولۇپ تونۇلغان 20 نەچچە مىليون نوپۇسلۇق جەڭگىۋار ، داھىيانە بىر مىللەتنىڭ نىمە ئۈچۈن خاس ئانا تىلدا ئوقۇپ بىلىم ئىگەللەيدىغان ، بىلىم ئاشۇرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولمايدۇ؟ بۇ زادى مىللىتىمىزگە نىسبەتەن، ھەتتا پۈتكۈل ئىلىم دۇنياسىغا نىسبەتەن زور يوقۇتۇش ، قاتتىق نومۇس ئەمەسمۇ؟

زادى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەت ئۇستازى بولۇپ تونۇلغان مىللەتكە مۇنداق مۇئامىلىدە بولۇش ، ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا قىلىنغان توسقۇنلۇق ئەمەسمۇ؟

قارايدىغان بولساق، چەتئەللەرگە چىقىپ يەرلەشكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى بولسا كىچىك كۈلەملىك ئانا تىل كۇرسلىرىدا ، ئائىلىدە ئوقۇش بىلەن بولدى قىلىپ ، مۇكەممەل تەلىم ـ تەربىيە ئۈچۈن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەت ـ رايون تىلىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ زىيالىلىرىمىز بۇ جەھەتتە نىمىشكە كاللا ئىشلەتمەيسىلەر؟

قاتتىق ئويلىنايلىكى، ئۇيغۇر تىلى ــ نوقۇل ئائىلە تىلى ئەمەس، ئۇيغۇر تىلى ــــ نوقۇل يەسلى تىلى ئەمەس . بەلكى مەھمۇت قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ، ئەلىشر ناۋايىدەك كاتتا سەۋىيىلىك مەشھۇر ئالىمى زاتلارنىڭ يېتىلىشگە يول ئاچقان ئۇلۇغۋار تىل. ئەمما نوقۇل ھالدا بالىلىرىمىزنى «ئائىلە مائارىپى» بىلەن تەربىيەلەشنى تۇتۇش بىلەن بولدى قىلساق ، دېمەك بىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئەۋلادلىرىمىزنى خاس ئانا تىلى بىلەن تەربىيىلىنىدىغان «ئىنىستوت» سەۋىيىلىك بىلىم قورغىنىغا توپلاپ تەربىيەلەشنى باشلىمىساق، ئۇنداق مۇكەممەل يېتىشكەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان بولىمىز. ئۇ چاغدا زور يوقۇتۇشلارغا دۇچ كېلىمىز!

قسقىسى، بىزنىڭمۇ خاس ئانا تىلىمىزدا ئوقۇش ، بىلىم ئاشۇرالىشىمىز ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مۇكەممەل بىر ئالى بىلىم يۇرتىمىز بولمايدىكەن، دېمەك ئۇيغۇر مائارىپى غەيرى تىللارنىڭ كونتروللىغىدىن قۇتۇلالمايدىكەن مەڭگۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ !!!

شۇنىڭ ئۈچۈن :

ئا : ئۇيغۇر دىيارىدىكى زىيالىلار بىردەك قوزغۇلۇپ ، ب د ت ۋە مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەكلىگىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بىلدۈرۈش ۋە خاس ئۇيغۇر ئانا تىل ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشلىرى كېرەك!

ئە : چەتئەلدىكى زىيالىلار بىردەك قوزغۇلۇپ، ھەرقايسى دۆلەت رايونلاردا ياشىۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ روىختىنى تۇرغۇزۇش، خاس ئۇيغۇر ئانا تىلىدا ئوقۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ـــــ باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز جايىدىكى ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتەپلىرىدە ئوقۇش، بەلگۈلۈك سانغا يەتكەنكەندە مۇنتىزىم ئۇيغۇر ئالى مەكتىۋىدە ئوقۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرىشى كېرەك.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويىمەنكى، بىزنىڭ بىلىم يۇرتلىرىمىزدا پەننىي بىلىملەر بىلەن ئىسلامىيەت گەۋدىلەنگەن دىنىي بىلىملەرنى بىرلىكتە ئۆگۈنۈشتەك يېڭىچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى يولغا قويىلىشى، ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ يېپ ـ يېڭى دەرۋازىسى ئېچىلىشىغا ئۇلگە ۋە يېتەكچى بولىشىمىز كېرەك. شۇ ئاساستا ئىسلامىي دىنىي بىلىملەرنى ئۆگۈنۈشكە سەل قاراشتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىنتايىن ئېغىر يوقۇتۇشلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ، دۇنياۋىي بەخت ـ پاراغەت دەۋرانىغا قەدەم تاشلىغىلى بولىدۇ. بۇ جۈملىدىن ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىش غايىسىگە ئويغۇنلىشىشنىڭ ئەمەلىي يۇزلىنىشىدۇر.

چۈنكى، قاراپ باقايلى، ھەر يىلى پۈتكۈل دۇنيا بويىچە مىليونلىغان ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ، « بىلىم ئەھلى » شەرىپى بىلەن جەمىيەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئەمما نىمە ئۈچۈن تەجاۋۇزچىلىق، بوزەكخورلۇق، بۇلاڭچىلىق ، قانخورلۇق، كۆز بويامچىلىق ، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق ، ھارام تاماقلىق ، ئەخلاقى بۇزۇقچۇلۇق كەبى قەبىھ خاھىشلار تۈگىمەيدۇ؟

زادى، بىلىمنىڭ نىشانىسى مۇشۇمىدى؟ ۋە مۇشۇنداق بولىشى كېرەكمىدى؟

زادى نىمە ئۈچۈن مۇنداق خاھىشلار بەزى جايلاردا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ؟

سەۋەبى پەقەت بىرلا!

ئۇ بولسىمۇ ، ئاشۇ «بىلىملىك بىز» دېگەنلەرنىڭ كاللىسىدا ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېلوگىيە جەھەتتىن ھېچ قانداق چۈشەنچە يوق! ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېلوگىيە جەھەتتىن بىلىم ئالغانلاردا يېتەرلىك ئىمانىي مۇستەھكەملىك يوق!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش سەۋەبى ھەققىدە ھېچ قانداق مەلۇمات يوق بولۇپ. بۇ دۇنيانى پەقەتلا « يەپ ـ ئىچىش ، ئويناپ ـ كۈلۈش » ماكانى ھېساپلايدۇ. شۇڭلاشقا كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىڭ چاپارمەنى بولۇپ، بۇ مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەر قانداق قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. مانا شۇنداق بولغاچقا ، بۇ خىل شەخسىيەتچىلىك ئومۇمىي ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ قېلىپ ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەبىھ خاھىشلار ئىزچىل ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ ـــــ تەجاۋۇزچىلار ئاجىز قارالغان مىللەتلەرنى زورلۇق كۈچ ۋاستىسى بىلەن خالىغانچە قانلىق باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىننى قولىغا كىرگۈزىۋېلىپ ، بايلىغىنى بۇلاپ ـ تالاپ كېتىۋاتىدۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاجىزلار چىدىغۇسىز زۇلۇم ، كۈلپەتلەرگە دۇچار بولىۋاتىدۇ !!!
رۇشەنكى بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك يۈزلىنىشتۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئاخىر بىر كۈنى بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھى، ھېساپ مەيدانى! بۇ دۇنيادا قىلىنغان ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكەتتىن ھېساپ بېرىدىغان مەيداندۇر. پەقەت ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن مۇكەممەل يېتىشكەن ئىنسانلا مانا شۇ مەيداندا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە شاپائىتىگە ئېرىشىپ ، بۇ دۇنيادىكىدىن تېخىمۇ راھەت ـ پاراغەتلىك ھاياتنى باشلىيالايدۇ!
شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىسلامىيەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى پىداكار ۋارىسى بولۇپ ، ئىسلام نۇرى قان ـ قېنىغا سىڭگەن بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىلىم يۇرتلىرىمىزنى ئىسلامىي بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش ـــ ئىمانىي ، ۋىجدانى تەلىم ـ تەربىيە بۇرچىمىزدۇر!
2) ئوقۇش يىلىنى قىسقارتىش، ئۆز تىل ـ يېزىغىمىزنىڭ سېھرى كۈچىنى جارى قىلدۇرىشىمىز كېرەك.
مەلۇمكى، ھازىر دىيارىمىزدا باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئوقۇش يىلى 12 يىل، ئالىي مەكتەپنىڭ يەتتە يىل .
بۇ ئېقىلغا ئۇيغۇنمۇ ؟
ياق ، قەتئىي ئۇيغۇن ئەمەس! چۈنكى بىزنىڭ يېزىغىمىز ئېلىپبەلىك يېزىق ، سۆزلىرىمىز ئاز ۋە ساز ئەمما ئىپادىلەش كۈچى ئەڭ مۇكەممەل ، پاساھەت ـ بالاغەتتە ھەر قانداق تىلنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالايدۇ. بۇنى يۇقىرىدا بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتتۇمكى، ئىنگلىز ۋە خىتاي تىللىرىنى ئۆگىنىش ، قوللىنىشقا سەرپ قىلغاندەك كۆپ ۋاقىت ، كۆپ زېھنى كۈچ ۋە نۇرغۇن ئىقتىسادىي سەرپىياتقا ئەسلا ئېھتىياجىمىز يوق. سۆرەلمىلىك قىلىپ ئارتۇقچە تەكرارلىق مىساللىرى بىلەن ھەپىلىشىپ ۋاختىمىزنى زايە قىلىپ ئولتۇرىشىمىزنىڭ قىلچىمۇ زۆرۈرىيتى يوق.
رۇشەنكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ـ يېزىق ئەنئەنىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىق ئەنئەنىسىنى باشقا بىر مىللەتكە تەدبىقلاپ ئىش كۆرۈش ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس. خۇسۇسەن، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ ، ئوقۇش ، بىلىم ئاشۇرۇش قىيىن بولغان خىتاي تىل ـ يېزىغىنى باشقا تىل ـ يېزىقلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، خىتاي تىلى يېزىغىغا نىسپەتەن ، بۇ تىلنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن كۈنلىگى 25 سۆزلەمنى ئۆگىنىش شەرت قىلىنسا ، ئۇھالدا بۇ لۇغەتتىكى سۆزلەملەرنى ئۆگىنىپ بولۇش ئۈچۈن 40 يىل ۋاقىت كېتىدىكەن !
مانا ، بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟ بىر ئادەمنىڭ ئالتۇندەك دەۋرى بۇ تىل ـ يېزىق بىلەن ھەپىلىشىپ تۈگىشىپ كەتسە ، قالغان ھالسىرىغان ۋاختىدا قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ ؟
شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مائارىپىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇش ، دېمەك باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى 12 يىللىق ئەمەس ، بەلكى يانىلا بۇرۇنقىدەك 9 يىللىق قىلىش، ئالىي مەكتەپنى مۇتلەق ئۆز تىلىمىزدا ئوقۇيدىغان قىلىپ، مۇندىن بۇرۇنقى 2 يىللىق خىتاي تىلى تەييارلىقىدىن ئىبارەت ۋاقىت ۋە زېھنى كۈچ ئىسراپچىلىقىدىن قۇتقۇزۇپ 5 يىل قىلىش ، شۇ ئاساستا ئالتۇندەك 5 يىلىمىزدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەت قىلىشنى باشلىشىمىز كېرەك.
«ئەر جەڭدە كۆرىنەر ، تۆگە سۇدىن ئۆتكەندە.»

مىللىتىمىز ئېغىر خورلۇققا دۇچ كېلىۋاتقاندا يانىلا قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق سۆزلەپ قويۇپ يانپاشلاپ ياتىۋەرسەك قەتئىي بولمايدۇ، بەلكى مەشھۇر ئەدىپ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئىدۋارد سەييدنىڭ «. زىيالىي خەلقنىڭ زۇۋانى، ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە ئىزىلگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ قانچىلىك خېيىم ـ خەتەر، ۋە جاپا ـ مۇشەقەتكە ئۇچراشتىن قەتئىي نەزەر ئۆزىنىڭ ئېنىق مەيدانى ۋە كۆز قارىشىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇش كېرەك. زىيالىي ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى قوغدىيالايدىغان بولۇش كېرەك» دېگەن ۋىجدانىي خىتابىغا مۇناسىپ ھالدا مەرىپەتپەرۋەر ئىنقىلاۋى قۇربانلىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ ئورنىمىزدىن زەپەردەستلىك بىلەن دەس تۇرۇپ ، ھۆرمەتلىك ئالىمىمىز ئوكتاي سىنان ئوغلى ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان « ئىنگلىز تىلى توغرىسىدا » كى بايانلىرىنى ياخشىراق تەتقىق قىلىشىمىز ، دېمەك ئانا تىلىمىز بىلەن ئوقۇش ، بىلىم ئاشۇرۇشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئالى بىلىم يۇرتىمىزنىڭ بولىشىنى نىشانلاش ، دېمەك، ئاللاھقا سادىق ، مىللەتكە ۋاپادار ئەڭ ئالىي مەلۇماتلىق ئەۋلاتلارنى يېتىشتۇرۇشنى نىشانلاش ـــ تۇمۇرىدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان ھەر ـ بىر زىيالىنىڭ قەتئىي باش تارتىپ بولمايدىغان ، بەلكى تەخىرسىزلىك تۈيغۇسى بىلەن جىددىي ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا تىرىشىدىغان تارىخىي ، ۋىجدانىي ۋە ئىمانىي بۇرچىدۇر.

ئەلبەتتە شۇنداقكى، خەلقىمىزگە شۇمشۇيۇپ جان باختىلىق بىلەن ياشايدىغان  ئاتالمىش زىيالىلار قەتئىي كېرەك ئەمەس، بەلكى تەۋپىق ئەپەندىم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، ئابدۇلقادىر داموللام، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئادالەت، ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلالايدىغان ھۇشيار، جاسارەتلىك ۋە ۋىجدانلىق ۋەتەن ۋە مىللەتپەرۋەر ئوغلانلار كېرەك!

ئايانكى ، لەنەت تەككۈر جاللات گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى زامانىدا خەلقنىڭ رايىغا مۇناسىپ قانۇن نىزام يوق ئىدى ۋە شۇڭا جاللات گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقىمىزنىڭ بېشىدا قانلىق قامچىسىنى ئوينۇتۇپ ، سىياسى زۇلۇم، ئىقتىسادىي بۇلاڭچىلىق ،مەدەنىيەت تەجاۋۇزچىلىغى ۋە ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق بىلەن خەلقىمىزنى قاتتىق ئاياق ـ ئاستى قىلىۋاتقاندا ، ئاشۇ مەردۇ ـ مەردان ئوغلانلىرىمىز كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ ، قەلەم بىلەن، ئەلەم بىلەن كۈرەش قىلمىغانمىدى؟ ئۇلار بۇ ھەققانىي ھەرىكىتى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىدىغانلىغىنى ھەتتا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرىدىلىدىغانلىغىنى بىلمەسمىدى؟

ئەلبەتتە بىلەتتى. ئەمما ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەغدىرى ئۇلارنى كۈرەشكە ئىنددى، جاسارەتلەندۈردى . شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «مۈشۈكتەك مىڭ يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر كۈن ياشا!» دېگەن ۋىجدانى ئەركەكلىك ____ ئەڭ قىممەتلىك ، ھەقىقىي ئىنسان كەبى ياشاش بولۇپ ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە « ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت، ھاياتىمدىنمۇ ئەلا مۇھەببەت. لېكىن كېچىمەن ھەرئىككىسىدىن، ئازاتلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت!» دەپ ئاشۇ مۇدھىش جاھالەت دۇنياسىغا شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى!

ھازىر قارايدىغان بولساق، بىزنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىمىز، ئانا تىلىمىز قاتتىق بېسىمغا ئۇچراۋاتىدۇ.

بۇ جەھەتتە قانۇنىي پىكىر قىلىشلار بولسا «جىنايەت» كاتېگورىيىسىگە كىرىپ قېلىۋاتىدۇ.

بىز بۇ جەھەتتە نىمە ئۈچۈن ئاشۇ مەرھۇملىرىمىزدەك ئوتتۇرىغا چىقىپ ، يۈز بىرىۋاتقان بۇ تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىككە قارشى پىكىر ، مۇلاھىزىلەردە بولالمايمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەير، خەلقىمىزنىڭ تېرىگى مۆھتەرەم زىيالىلار!
سەگەك بولۇڭلار، ئويغۇنۇڭلار! دەۋر سىلەرنى كۈتمەكتە! مىليونلىغان ئەۋلاتلىرىمىز سىلەرنى كۈتمەكتە! ــــ ئېزىز ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ مائارىپى سىلەرنى كۈتمەكتە!!!
ئەۋلاتلىرىمىزغا ئىگە بولايلى، ئۇلارنى خورلۇق ، زورلۇق قايىنىمىغا تاشلىۋەتمەيلى !!!

ئاخىرىدا ئەمدى «ئانا تىلىم ـ جان تىلىم» ناملىق شېئىرىمنى ھۆرمەت بىلەن تەقدىم قىلىمەن:

# ئانا تىلىم ـ جان تىلىم

ئاللاھ ئىنسان ياراتقاندا تەڭ يارالغان تىلىم سەن ،
ھەمدە جانۇ ــ جىسمىمگە قاندەك تارالغان تىلىم سەن.

زۇۋانىمنى ئوغۇز سۈتى بىرلە ئاچتىم ئۇيغۇر بوپ ،
ئۆمۈرلۈككە ساداقەتكە خاس قارالغان تىلىم سەن.

نامىم ئۇيغۇر !!!
ۋە شۇڭىمۇ تىلىم مەڭگۇ ئۇيغۇرچە!!!
يارىلىشتىن مۇقەددەس ۋە ئۆز ئاتالغان تىلىم سەن!!!

ھىچ كىمنىڭ يوق ھەققى شۇڭا قوللانمايسەن دېيىشكە ،
كەلسىمۇ باشىمغا قىلىچ قاچمايدىغان تىلىم سەن !

گەر چېپىلسام شېھىتتۇرمەن جەنابىي ھەق ئەمرىچۈن ،
ماڭا شۇنچە ئالىي شەرەپ نىشانلىغان تىلىم سەن !

سېنىڭسىز جىسمىممۇ جانسىز ، روھىممۇ مۇتلەق جانسىز ،
سەنسىز كۈنۈم جانغا زۇلۇم!
كۆيلەيدىغان تىلىم سەن!

بايرىقىم سەن!
بارلىقىم سەن!
يارىقىم سەن!!
ئانامسەن!!!

سىنى تاشلاش مۇناپىقلىق!!!
قوغدايدىغان تىلىم سەن!!!

تىل دىمەك ــ مىللەت دىمەك ، گەر تىل يوقالسا مىللەتمۇ! . . .
يىمىرىلمەس بۇ ھەقىقەت!
ياشايدىغان تىلىم سەن !!!

تىل دىمەك _ مىللەت دىمەك ، گەر تىل يوقالسا مىللەتمۇ !. . .
جاننى تىكىپ قانلار كىچىپ قوغدايدىغان تىلىم سەن !!!

ھەر نەرسىنىڭ خىلى باردۇر، قاغىنىڭكى ياتتىغى ،
سەن گۈلۈمسەن بۇلبۇل كەبى سايرايدىغان تىلىم سەن !

سەن گۈزەلسەن ، سەن شىرىن سەن ، ــ خىسلىتىڭگە سۆز يەتمەس!
نامىڭ بىرلە تا ئەبەدى ياڭرايدىغان تىلىم سەن !

نەچچە مىڭ خىل تىل بىلىشتە كامالەتكە يەتسەممۇ ،
پەخىرلىنىپ چاڭ ـ چاڭ ، چاڭ ـ چاڭ سۆزلەيدىغان تىلىم سەن!

شۇنچىۋالا قەدىرلىكسەن جاندىن ئېزىز ئانامدەك ،
جەنابىي ھەق رىزاسىنى كۆزلەيدىغان تىلىم سەن !

نىمە ئۇ گاھ ئىنگىلىزچە گاھى رۇس ۋە باشقىچە ! . . .
تا ئەبەدى پاكلىقىڭنى ساقلايدىغان تىلىم سەن!

نومۇسسىزلىق ، ۋىجدانسىزلىق ئانا تىلدىن چەتنىمەك ،
دۇنيا ئالتۇن تارتۇق قىلسا ئازمايدىغان تىلىم سەن !

ھەيرانمەن ، ۋەيرانمەن بىچارە نادانلارغا ،
بۇ دۇنيادا نەدە بۇلاي ئارزۇلايدىغان تىلىم سەن!

شۇم رەزىللەر جۆيلىشىدۇ ، ــ كارغا كەلمەس ، يوق قىلىپ ،
نى نى قىسمەت ۋە ھىكمەتلەر تولۇپ ــ تاشقان تىلىم سەن!

نىمە دىگەن ناھەقچىلىق ! ــ دەرس مۇنبىرى ساڭا تار!
چۈشەنسىچۇ ! ـــ مەرىپەتتە ئۇستاز بولغان تىلىم سەن!

سېنى چەكلەش ، سېنى يەكلەش ــ پىر ــ ئۇستازغا ھاقارەت!
نادانلىقنىڭ زەربىسىدىن ساقلايدىغان تىلىم سەن !

تارىخ ئۆلمەس ، بەلكى شاھىت ! ــ مىسلى شەرەپ ـ شانىڭغا ،
ئالەمگە نۇر ، پاسىۋان بوپ داڭ چىقارغان تىلىم سەن!

ــ ئەۋۋەلى ئىگگە بىلەن دۇنياغا كەلگەندىن بېرى ،
ئىنسانچە ياشاش يولىنى خىتاپ قىلغان تىلىم سەن!

سەن بىلەن ئىلىم ــ بىلىمدە دىلى يورۇپ ئالەمچە ،
قانچىلاپ ئالىم ، زىيالى داۋان ئاشقان تىلىم سەن !

ئەنە مەھمۇت ، يۈسۈپ ھەمدە لۇتفى ناۋايى ، ... لارنىڭ ،
كىتاۋىغا جان ، گۈزەللىك بېغىشلىغان تىلىم سەن !

مۇندا گۈننار يارىڭ ( شۋېت ) ، گابائىن خان ( نېمىس ) مۇ ،
ھەيران بولۇپ ھىكمىتىڭدىن ئالقىشلىغان تىلىم سەن !

تېخى گابائىن ساڭا زەپ ئاشىقلىقتا ، خوشلۇقتا ،
ئۆمۈر بويى ساڭا ئاتاپ كىتاپ يازغان تىلىم سەن !

بەلكى پوتكول ھاياتىنى بېغىشلاپ بىرلا ساڭا ،
توي قىلماستىن كۆز يۇمۇشقا ئىلھام بولغان تىلىم سەن !

شۇنداق، ئالىم سېنى سۆزلەر ، تارىخ بىلگەن نوچىمۇ!
كۆيلىمەككە ، سۆزلىمەككە زەپ ياراشقان تىلىم سەن!

بۇ ھەققەت ! ــ بىلگەن بىلۇر قەدرىڭنى جان تىلىم!
بىلمىگەن شۇم نائەھلىلەر تۆھمەت قىلغان تىلىم سەن!

ۋەلىكىن كارۋان كېتىدۇ ، ئىتلار قاۋاپ قالىدۇ ،
ئىلىم سۆيگەن ھەققەتچى ھۆرمەت قىلغان تىلىم سەن!

چۈشەنگەچ مەن بۇ مۇبارەك قىسمىتىڭنى جان تىلىم ،
بۇرچۇم بىلىپ تۇنۇتۇشنى قەلەم ئالغان تىلىم سەن.

شۇڭمۇ يىل ئاشتى ئوندىن يىراق قىرلاردا ھامان ،
قىنالسامۇ بۇشاشمىدىم ، ئۆتنى سالغان تىلىم سەن.

ــ ئوتقا مەپتۇندۇر سەمەندەر ، لاۋا ئوت بەختىدۇر، ھەيھات !
شۇنچە تارتتىڭ مېھرىمنى سەن!
ياشايدىغان تىلىم سەن!

ياشا!
ياشا!!
مىڭلاپ ياشا!!!
پاياندازىڭ مەن سېنىڭ!
كۆزۈمنىڭ گەۋھىرى كەبى ئاسرايدىغان تىلىم سەن!

بۇ ئاللاھىم بېغىشلىغان پاك ئەقدەم ، ۋەزىپەم ،
زەررىچىلىك تەتۈر باقسام بولمايدىغان تىلىم سەن.

يازىمەن شۇڭا كىتاۋىم ، ۋەلىكىن كۆپ خىجىلمەن ،
تەسۋىرىڭنى مىڭ يىل يازسا پۈتمەيدىغان تىلىم سەن!

خەيرىيەت ، كۆپ سۆيۈنۈشتىن تۇتالمىدىم ئۆزۈمنى ،
شۇڭا جاننى مەرت ــ مەردانە پىدا قىلغان تىلىم سەن.

كۆرۈپ باققاي ئېزىز خەلقىم ، ئىلھامىمۇ بوپ قالار ،
شۇ ئارماندا ئاللاھقا كۆپ نىدا قىلغان تىلىم سەن.

سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم!
سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاپ ــ « ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى» نىڭ 2013 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئېچىلغان « 5 ـ قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » دا ئېلان قىلىنغان شۇ نامىلىق ماقالىنى بىرئاز تۇلۇقلاش ئاساسىدا تەييارلاندى.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى (ئېلخەت) :

ateskalp2@gmail.com

تېلىفون : 0536 441 7258